# دىۋان نۆبەتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەتگەرەم ئىسمائىل

## دىۋان نۆبەتى

## 奴白地诗集

خوتەن ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىي ئەسەرلىرىنى
رەتلەش ئىشخانىسى نەشر قىلدۇردى

和田地区民族古籍办公室整理

编 版： 买买提哈斯木艾克热木
买买提明吐地

责任编辑：阿不都拉买买提明

«خوتەن گېزىتى» باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى

和 田 报 社 印 刷 厂 印

1988 - يىل 8 - ئاي

تۇغلۇق تامدىن

19. 3. 1993

# دىۋان نۇبتى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

مەتقاسىم ئەكرەم

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەتئىمىن تۇردى

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابدۇللا مەتئىمىن

خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى

# نەشىرگە تەييارلىغۇچىلاردىن سۆز

بۇ كىتاب شائىر نۆبەتىنىڭ تۇرلۇك نۇسخىدىكى قول-يازما دىۋانلىرىغا ئاساسەن نەشىرگە تەييارلاندى. بۇ بىر نەچچە خىل قوليازمىلار ئىچىدە شائىرنىڭ 108 پارچە غەزىلى، ئۈچ مۇخەممەس، 30 غا يېقىن رۇبائىلىرى بار.

شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىشىچە، ھىجرى 1160-يىلى (مىلادى 1747-يىلى) ئۆزى تەرىپىدىن توپلام قىلىنغان تولۇق دىۋانى بولغان. لېكىن، ھازىرغىچە تارقالغان بىر نەچچە خىل نۇسخىلار ئىچىدە شائىرنىڭ ئەسلى ئەسەر نۇسخىسى مەلۇم ئەمەس. ھەممىسى دىگۇدەك باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى تارىخىدا پاساھەتۋە بالاغەت دەرىجىسىگە يېرىپ يەتكەن بۇ شۆھرەتلىك شائىرىمىز گەرچە تارىخ سەھىپىلىرىدە ناھايىتى ئېتىبارىلەن تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزۋەتىدە نەشىر قىلىنىپ خەلققە تارقىتىلمىسىدىكى، ئاللىقاچان خەلقنىڭ ئۆز كۈيى بولۇپ كەتكەن ئۇنىڭسانسىز غەزەللىرى خەلقنىڭ قەلب كۈيى ۋە مۇقام تىلى بولۇپ قالىدۇۋەردى.

نۆبەتىنىڭ يېڭى توپلىمىنى تۈزۈشتە بىر قەدەر تاللاپ ئېلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلدۇق. مۇنداق قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، بىز ئاساس قىلغان قوليازمىلار ئەسلىدىكى قوليازمىلار بولمىغاچقا، كاتىپلارنىڭ قولىدىن ئۆتۈش جەريانىدا خېلى بىر قىسىم ئېنىقسىزلىقلار سادىر بولغان.

ئىككىنچى، شائىرنىڭ شېئىرىنى ئاساسەن ھاپىزلار تارقاتقان بولغاچقا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇۋېتىپ، خاھىشى ئۆرلەپ كەتكەن چاغلىرىدا ئىختىيارسىز توقۇپ قوشۇۋەتكەن جايلىرىمۇ بولغان. شۇڭا مۇناجات خاراكتېرلىك مىسرالار ئارقىمۇ-ئارقا، ھەتتا ئوپ-ئوخشاش ئىبارىلەر ۋە پىكىرلەر بويىچە تەكرارلىنىپ كەتكەن.

بىر قەدەر ساپ دەپ قارالغان بەزى غەزەللىرىدىمۇ شوخ پىكىر، شېرىن ھېسسىياتلار ساغلام كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز تەۋبە-تەزەررۇ ئىبارىلىرى، مۇناجات مىسرالىرى قوشۇلۇپ قالغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ قېتىم شائىر نۆبەتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېزىقىدىكى بۇ تۇنجى توپلىمىنى تەييارلاشتا، يەنىلا ئەسلىگە سادىق بولۇش ئىنتىزامى بويىچە ھەرقايسى نۇسخىلار بىر قەدەر تەپسىلىي سېلىشتۇرۇلدى. ئىلگىرى ھەرقايسى كىتاب-



ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان نۆبەتىنىڭ شېئىرلىرىدىكى كەتكۈزۈپ قويغان خاتالارمۇ بايقىلىپ تۈزىتىلدى.

قوليازمىلاردىكى تەرتىپلەردە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قالغان بەزى غەزەللەر ھەرپ تەرتىپى بويىچە كېلىدىغان ئادەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى.

سەمىمىيلىك بىلەن شۇنى ئېيتىمىزكى، بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىز — نۆبەتى ئەسەرلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈشتىكى ئەسلى تەلەپ ۋە ئۆلچەمدىن ناھايىتى يىراق تۇرىدۇ. مۇكەممەل بولمىغان بۇ نەرسە كەلگۈسىدىكى مۇكەممەللىك ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ، ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىلمىي ھاياتىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان مۇكەممەل بىر ئەمگەك مېۋىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە خىزمەت قىلالىسا، شۇنىڭدىن خۇرسەنت بولىمىز.

ئالىملارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ، شائىر-ئەدىبلەرنىڭ، قىزىققۇچى ئەھلىلەرنىڭ ياردىمىنى كۈتىمىز.

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

1

ھەق ھەمدىگەنى بىسمىللا بىرلە قىلدىم ئىپتىدا،
ئەر رەھمانى رەھىما ئاتا بەخش سەن خۇدا .

ئىنسۇ ـمەلەك، دۆ، فەرى، ۋۇھۇشىيۇھەم تەيۇر ،
مەۋجۇد بولدىلەر ھەمـە قۇدرەتىڭ بىرلە ئادا.

بىچۇنە، بىچە گۇنە، بىشۇبھە، بىنە مۇنە،
ۋەھدەھۇ لاشەرىكە، لەھۇ ئىلاھەن ۋاھىدا.

ئىي مەلىكۇل قەددىمى لەم يەزەل ۋەلا يەزەل،
ھەژدە ھەزار ئالەمى فانى ئىرۇر سەن بەقا.

دەريايى رەھمەتىڭدىن ھىچ كىمى نەۋمىد ئىمەس ،
رەھمۇـئىنايەتىڭغە مۇستەھىق شاھۇـگەدا.

كۈنىمىزگە ئەقىل قاسىر، تىل ئولدى گەڭۈ-لال،
ئىي ھەبىبى لايەمۇت مۇنەززەھۇ لامۇنتەھا.

دەريايى رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسا ئىي كەرىم،
قەھرىڭ ئوتىن ئۆچۈرۈر، رەھمەتىڭ-لۇتفى ئاتا.

ھەمدۇ - سىفاتىڭ ۋە سىفىتىنى قىلماق ئىستەر بارچەسى،
ھىچكىم بىرىنى قىلالمام قىيامەتكىچە ئادا.

ئىي قادىرى زۇلجەلال جامالىڭغە قىل نەسىب،
بۇ نۆبەتىي بىچارە قىلىدي سەندىن ئىلتىجا.





## 2

ھەقتە ئالانىڭ ھەبىبى- ئول رەسۇلى مۇستەفا،
مىڭ دۇرۇدۇ، يۈز سالام بەندەدىن بارسۇن دۇئا.

نۇرىڭىزنى چۈن ياراتتى بارچە ئالەمدىن بۇرۇن،
مۆھتەرى ئەۋلادى ئادەم قىلدى خاتىم ئەنبىيا.

بۇرنا ئۆتكەن ئەنبىيالەر بارچەسى خاتەم ئىرۇر،
گەۋھەرى يەكتا نەگىن دۇرلەر پەيغەمبەرلەر ئارا.

ئىككى ئالەمنى ياراتتىبدۇر تۇفەيلىڭدىن سىنىڭ،
ئەرش-كۇرسى، لەۋھ قەلەم، جەننەت، تومۇغ، ئەرزۇ-سەما.

ئەزەلىڭىزدىن كۇفر زۇلمانى مۇنەۋۋەر بولدىكىم،
دىنى ئىسلام شەرىئەت ئەلگە بولدى رەھنەما.

ئەنبىيا ۋۇ-ئەۋلىيا، شاھۇ-گەدالەر بارچەسى،
رۇز مەھشەردە شاپائەت كۆز تۇتار مەنزىل گەدا.

ھەقتە ئالا رەھمەتەن لىل ئالەمىن دۇر بارچەسى،
جۇملە ئۇممەتىغە شافائەت ئەيلەگەي رۇزى جەزا.

بىز گۇناھكارلەر گۇنەھىنىڭ تەبىبى-ھازىقى،
رەھىم ئەيلەب مەن قۇلۇڭ نەفسىگە ئىللەت قىل داۋا.

نۆبەتى ئاجىز-زەئىف ئولغاچ گۇناھى چەھىتىدىن،
يارەسۇلۇللا قىلىبدۇر ھەزرەتىڭغە ئىلتىجا .

3

چاھار يارى باردۇركىم جانىشىنى ئەنبىيا ،
جۇملەئى ئەسھابىدىن ئەفزەل ئېرۇرلەر باسەفا.

ئەۋۋەلەن سىددىق ئەكبەردۇر رەسۇلغە يارغار،
سىدقى بىرلە ئىمان ئېيتىپ كىردىلەر ئىسلام ئارا.

ئۆمەرى ئادىل ئېرۇرلەر قۇۋۋەتى ئىسلامىدىن،
قىلدى ئىسلامى شەرىئەت يار دۇۋۋۇم خەلق ئارا.

يار سەۋۋۇم ھەزرەتى ئوسمانىزىن نۇرەيىن بىل،
جامىئىل قۇرئان ئېرۇرلەر مەئدەنى كانى ھەيا.

يار چاھارۇم دامادى پەيغەمبەرى بىل ئانى،
ئول ئىدىلەر شاھ مەردانى ئەلىيۇل مۇرتەزا.



ئىككى شەھزادە ھەسەن بىرلە ھۇسەيىن شەھسۋارە
جۇملە ئۇممەت ھەققىدە بولدى شەھىدى كەربالا.

دوست دارى چاھار يار دۇر مۇھىببى خانەدان،
ئەھلى ئەۋلادى پەيەمبەرغە جانىم بولسۇن پىدا.

چاھار يارغە ھەر كىشى بوغىز-ئاداۋەت ئەيلەسە،
ئەھلى دەۋزەخ بىل ئانى، ئەيلە دائىم نالەتا.

گەرمۇسۇلمان سەن، بۇ تۆرت يارنى بەرابەر دوست بىل،
جۇملە ئۇممەتىغە قىيامەت كۆن ئېرۇرلەر رەھنەما.

ھەمد ئېيتسام گەر تىلىم بولسا تېنىمدە مىڭ تىلىم،
تاقىيامەت بولماغاي مىڭدىن بىرى ھەرگىز ئادا.

رەھىم ئەيلەڭ خانىدان ھەققىچاھار يارى نەبى،
بەندەئى بىچارە ئاجىز نۆبەتىدۇر غەمزەدا.

## 5

ھەمدۇ-سەنايى بىھەد، يارەببە نا زەلەمنا،
رەھمە تىڭدۇر بىئەدەد، يارەببە نا زەلەمنا.

بىچۇنە، بىچەگۇنە، بىشۇبھە، بىنەمۇنە،
ۋەھدەھۇ لا شەرىكە، يارەببە نا زەلەمنا.

ئىي شاھىبى ۋەزىرسەن، ئەللامبى نەزىرسەن،
قەييۇم دەستىگىرى سەن، يارەببە نا زەلەمنا.

چەرخ فەلەك مۇئەللەق، قۇدرەتىڭدىن مۇتەببەق،
سەن-سەن خۇدايى بەرھەق، يارەببە نا زەلەمنا.

مەن بەندەئى گۇنەھكار، قىلدىم گۇناھى بىسيار،
كەلدىم يانىب بىيەكبار يارەببە نا زەلەمنا.

جۇرمى-خاتايىم بىھەد، رەھىم ئەيلەگىل يائەھەد،
يارەب بىھەققى ئەھمەد، يارەببە نا زەلەمنا.



قادىرى سەن ئىلاھىم، رەھىم ئەيلە پادىشاھىم،
ئەفۋە ئەيلە گۇناھىم، يارەببە نا زەلەمنا.

ئەي پادىشاھى ئالەم، ۋۇھۇشۇ، تەيۇر، ئادەم،
تەسبىھ ئېيتۇر دەمادەم، يارەببە نا زەلەمنا.

بولساكى قەسدى شەيتان، خەيرات يولىدە دەربان،
قىلساكى قەسدى ئىمان، يارەببە نا زەلەمنا.

نەفسى دامىغە ئىلىندىم، دەرگاھىڭغە يىقىلدىم،
فانا ھىڭغە ساغىندىم، يارەببە نا زەلەمنا.

Abdulelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

نەفسى كۆيىدە ھارىبمەن ... رىبمەن،
دەرگاھىڭغە يانىبمە...

ئاللا ئىسمىم زاتىلىغ، توقسەن توققۇز سىفاتىلىغ،
بەندەڭدۇر مەن ئۇياتلىغ، يارەببە نا زەلەمنا.

قىلدىم گۇناھى پىشە، يوقدۇر مەندە ھىچ تۇشە،
غافىل مەنۇ ھەمىشە، يارەببە نا زەلەمنا.

بىچارە ئاسىي بەندە، ئىسيان بىلە دەرماندە،
ئاخىر ئۇممىدە سەندە، يارەببە نا زەلەمنا.

رەھىمىڭ ئىلە يارەھمان، دەردىمە ئەيلە دەرمان،
ئاخىر دەمدە بەر ئىمان، يارەببەنا زەلەمنا.

ئەنبىيالەر ھۆرمەتى، ئاسىيالەرغە رەھمەتى،
بەرگىل كەۋسەر شەربەتى، يارەببەنا زەلەمنا.

تۆبەتىدۇر گۇنەھكار، رەھمەتىڭدىن ئۈمىدۋار،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار، يارەببەنا زەلەمنا.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net





7

ئۆلگۈچە بەندەڭ بولاي ئەي شاھى خۇبانىم ساڭا،
تا تىرىك تۇرمەن پىدا ئەيلەي تەنۇ-جانىم ساڭا.

ئەي نىگارا كاشكى كۆرسەم جامالىڭ ئەكسىنى،
كۆيدۈما پانۇس-دەك شەمئى شەبىستانىم ساڭا.

رەھىم قىلغىل مەن يېتىم-بىچارەگە ئەي نازەنىن،
ھەسرەتىڭدە زەئىفىراندەك بولدى رۇخسارىم ساڭا.

مۇنچە كۆيدۈرمەك نىدۇركىم ئاشىقى بىچارەنى،
كىمكى ئېيتقاي ئەرز-ئەھۋالىمنى جانانىم ساڭا.

دىلرەبا، سەندىن زەمان ئايرىلماقىم دىشۋاردۇر،
تا قىيامەت يىغلاسام يەتكەيمۇ ئەفغانىم ساڭا.

كېچە-كۈندۈز يارنىڭ كويىدە ئىچسەم بادەنى،
زاھىدا مەنئى ئەتمەگىل كىم باغ-بوستانىم ساڭا.

يارنىڭ ۋەسلى-جامالىنى تىلەيدۇر تۆبەتى،
رەھىم قىل يارەب قوبۇل بولغايكى ئىمانىم ساڭا.

## 8

مۇددەتتىدۇر نىچە يىغلارسەن، يىتتىدۇر غەم ساڭا،
چۈن ئەزەلدىنكىم تۇشۇبدۇر، زارەئى ئەشىك ھەم ساڭا.

مەغرۇر ئولما، ئۆتكۈسىدۇر، فانى دۇنيا دەۋلەتى،
بولماغايكىم سەرنەۋىشتىڭدىن زىيادە-كەم ساڭا.

ھەقتە ئالانىڭ ئىبەرگەن نىئمەتىگە شۈكرى قىل،
لۇتفى ئېھسانى كەرەم بولغاي مەئاشى ھەم ساڭا.

جەھد ئەيلەپ ھەرسە ھەر مەئسىيەتىگە تەۋبە قىل،
دىدەدىن ئەشكى نەدامەت ئاقىزىپ شەبنەم ساڭا.

ئاخىرەت سەرمايە سىدۇركىم ساخاۋەت پىشە قىل،
رۇزمەھشەردە شافائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.

تائەت ئەيلەپ سەن خۇداغە بەندەلىكنى قىل مۇدام،
جەننەت ئىچرە بولغۇسى ھۆرلەر مەھرەم ساڭا .

خۇشىك لەب ئولما ئەجەلنىڭ ساقىسىدىن نۆۋبەتى،
ئىشرە بۇ دەۋران ئاياقىدىن كېلۇر ھەردەم ساڭا.



## 9

ئاھ، نەيلەي، مەن يىتىمنىڭ قەدرى يوق يارئالدىدا،
ئاي يۈزىنىڭ شەمئىغە بولدۇم گىرىپتار ئالدىدا .

كېچە-كۈندۈز فۇرقەتىدە كۆيدۈرۈر ئول نازەنىن،
ئەي مۇسۇلمانلەر نىتەيكىم، ئىككى ئەغيار ئالدىدا.

ئاي يۈزىنى كۆرگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلەر،
ئاي بولۇتغە بولدى فىنهان، زۇلف-رۇخسار ئالدىدا.

ئىئتىقادىم ئول ئەزا تۇتغاي ھەمىشە ئاپىيەت،
خىزمەتىدە ئۆلگىچە، تۇرسامكى تەييار ئالدىدا.

كاشكى ئول سەڭگى دىل، سورسا ئەھۋالىڭ نەدۇر،
ياستانىپ ئاستانەسىن، تۇرسامكى مەن زارئالدىدا.

بولماغاي ئالەمدە ئانداغ نازەنىن مەككارە ئى،
مەن كەبى ئوتىدە كۆيگەن خەلق بىسيار ئالدىدا .

كۆرمەسەم بىردەم ئانى ئارام-تاقەت يوق ماڭا،
نۆۋبەتى قىلسام جانۇ-باشىمنى ئىسار ئالدىدا.

بۇ مېنىڭ شۇمتالىئىمدىن يار باقمايدۇر ماڭا،
ئاي يۈزىنى ياشۇرۇپ، دىلدار باقمايدۇر ماڭا.

كۆز ئۇچى بىرلە باقىپ باغرىم جاراھەت ئەيلە يۈر،
لەبلەرىنىڭ مەرھەمى زىنھار باقمايدۇر ماڭا.

ئىككى ھىندۇسىياھى، ياستانىپ رۇخسارەسى،
پەردە ئىچرە غۇنچەدەك دىدار باقمايدۇر ماڭا.

كېچە-كۈندۈز فۇرقەتىدە ئۆرتەنۇر جانىم مېنىڭ،
بولدى بۇ جىسمىم زەئىف، زار باقمايدۇر ماڭا.

ئەي مۇسۇلمانلەر، ئىنتەيكىم، ئول مەھى نامېھرىبان،
مۇنتەزىر دۇرمەنكى، ئول ئەييار باقمايدۇر ماڭا.

مەقسەدى ئۆلدۇر مېنى ھەركۈندە قەتل ئام ئېتىپ،
قاشى ياسىن ئاتىغالى تەييار، باقمايدۇر ماڭا.

نۆبەتىمكىم يارىنىڭ كويىدە بولدى بىنەۋا،
رەھىم ئەيلەپ بىرغىنە گۈلنار باقمايدۇرماڭا.





ۋەھكى بولدۇم مەن يەنە ئول دىلرەباغە مۇفتەلا،
ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆز، قاشى قاراغە مۇفتەلا.

نەبەلالىغ يار ئىدى ئوتىدا كۆيدۈردى مېنى،
بولماغاي ھېچكىم مېنىڭدەك كىم بەلاغە مۇفتەلا،

ئېي خۇدايا ئىشق ئوتىنى يارنىڭ كۆڭلىگە سال،
مۇتتەسىل بولغاي تىلىم زىكرى-سەناغە مۇفتەلا.

ئەي يارانلار كۆرسەتۇر ئۆزىنى دۇنيا بۇ ئەرۇس،
بولماغايمەن ھىجر ۋەش كۆڭلى ئالاغە مۇفتەلا.

گىردىگارا مېھرىبان، دۇن مېھرىنى كۆڭلۈمدىن ئال،
يادى-پىكرىم ئەيلەگىل، دارىل بەقاغە مۇفتەلا.

رەھىم ئەيلەب ئاسراغىل ھىپزى ئامانىڭدە مېنى،
قىلماغىل بىچارەنى ئول بىۋاپاغە مۇفتەلا.

ئاقىل ئەرسەڭ نۆبەتى كۆڭلىڭنى ھەرگىز بەرمەگىل،
بولماغىل مەغرۇرسەن، كانى جاپاغە مۇفتەلا.

ئىسمى-ئەئزەمنى ئوقۇپ قىلدى يارىم مىكرى-ھىلا،
ئىشق ئوتى شۆئلە ئۇرۇپ قىلدى كۆڭلۈمنى جىلا.

نە بەلالىغ ئۆت ئىدىكىم ئۆچۈرەلمەس ئاب ئۇنى،
ئاب دەردەمنى تۆكۈپ ئەۋجلەنۇر ئوتى بەلا.

نەقىلاي، ئاھ نەيلەيىن قالدىمۇ غەرق ئاب ئىچىدە،
خەستە ئى دىلنى شىكەستە ئەيلەدى توفان-بەلا.

قەتل ئەيلەركى مېنى ھەركۈندە ئول كافىر ئىشق،
رەھىم قىلمايدۇر مەگەر، باشىغە كەيدى ئول جىلا،

چاپادۇرلەر ھەركۈنى شەمشىر قاشى بىرلە مېنى،
زەخمىدىن مىسلى قاغۇزدەك باشىمە بولدى تالا.

يوقتۇرۇر تاقەت ماڭا ئارام ئىلە سەبىر-قارار،
رەھىم ئەيلەپ ئەيتىڭىز مەسلەھەت ئەھلى ۋەلا.

سىدقى ئىخلاسىڭ بىلە قىلغىلكى تائەت نۆبەتى،
تەكرىنى بىر بىلىبان بولماغىل كۆڭلى ئالا.





دۇنيادا ھېچ بولماغايكىم داغى ھىجرانىدەك بەلا،
قىلماغىل يارەب مېنى مۇنداغ بەلاغە مۇپتەلا.

فانى دۇنيا ئاخىرەتنىڭ مەرزە ئىدۇز نەچچە كۈن،
ئەيلەگىل تائەت-ئىبادەت، خەير-ئېھسان ئەۋۋەلا.

ھەقتە ئالا ئاخىرەتدە رەھمەتى قىلغاي ساڭا،
مەئسىيەت كەم ئەيلەگىل، تائەت-ئىبادەت قىل تولا.

سەن غەنىمەت بىل تىرىكلىكنى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
قالماغاي ئۇشبۇ جاھاندا ئاتا-ئانا ھەم بالا.

باغ ھەم ئايۋان-سارايىڭدىن ساڭا بولغاي نەسۇد،
ئاقىبەت ۋەيران بولۇر سەھنى رىگىستاندەك بولا.

جۇرم-ئىسيانىڭغە دائىم تەۋبە-ئىستىغپار قىل،
بەرمەگىل كۆڭلۈڭنى بۇ دۇنيايى فانىدۇر ۋەلا.

نۆبەتى دائىم خۇدانىڭ زىكرىغە مەشغۇل بول،
يارنىڭ فەرتەۋ جامالى كۆڭلىگە تۇشكەي جۇلا.

## 16

رەھىم قىل يا مۇفەتتەھىل ئەۋۋاب،
ئاخىرەت ئۆيىمىزنى قىل سىيراب.

ناگىھان بىر مۇسۇلماننى كۆرسەڭ،
دۇرۇد ئېيتىپ، قولۇڭنى قىل دەرياب.

قىلماغىل گىنە ھەم ئاداۋەتنى،
كىشىگە ياخشى خۇي دۇررى ناياب.

كىشىنى ھەققىدىن ئەيلەگىل فەرھىز،
ئاخىرەت كۈنى ئىچ تەھۇر شاراب.

كېچە كۈندۈز خۇداغە قىل تائەت،
بېھىشت ئىچرە يىگىل تائامۇ كەباب.

ھەر سەھەر تەۋبەئى نەسۇھ ئەيلە،
يازۇقۇڭنى كەچۈرگەي ئول ۋەھھاب.

نۆبەتى ھەر سەھەردە بىدار بول،
تەۋبە قىلغىل كۆزۈڭدىن تۆككىل ئاب.



## 19

ۋەھنى خۇشتۇركىمكى يارى بىرلە تۇرسا ياندىشىپ،
مېھرىبانلىغ ئەيلەبان تاۋۇس مەستىدەك ئويناشىپ،

ئېلكىنى سالسا گىرەھلەپ ھەم ئانىڭكى بويىنىغە،
ئىشق پىچانىدەك بولۇپ تالدەك بويىغە چىرماشىپ.

بادەئى ئىشقى مۇھەببەت نۇش ئەيلەپ كەيپىدە،
غۇنچەئى خەندان لەبىنى بۇسە ئەيلەپ يىلداشىپ.

ئاشىقى مەئشۇقى بىرلەبولسا ۋاسىل ھەر زامان،
ئاندا لۇتفى ئەيلەبان سۆھبەت قىلۇرلەر مۇڭداشىپ.

بولماغاي ھەرگىز جۇدالىق دەردىدىن دىشۋارلىق،
سائەتى ھەمدەم بولۇپ بىللە يۈرۈرلەر قولداشىپ.

خۇش ھۇزۇرىدۇر كىشىگە ئىشرەت ئىلە كېچەلەر،
ئاشىقى جانبىر بولۇپ بەستە گىرەھلەرنى شەشىپ.

ئاشىقى سادىق ئىرۇرسەن قىل خۇداغە بەندەلىك،
تاڭلا جەننەت ئىچرە ھۆر بىرلە يۈرۈرسەن تويلاشىپ.

جەھد ئەيلە نۆبەتى ئۆتكەن گۇنەھىڭ يادى قىل،
جۇرم- ئىسيان تەقسىراتىڭ ئۆتتى ھەددىدىن ئاشىپ.



**20**

ئەي سابا، مەندىن دۇئا ئول شەۋخ يارىمغە ئېيت،
شەمس تەلئەت، ئاھۇ كۆز، نازۇك نىھالىمغە ئېيت.

بىرگىنە ھالىڭ نەدۇر، دەب سورمادى ئول سەڭگى دىل،
فۇرقەتىدە كۆيدۈرۈپ، ھالى نىگارىمغە ئېيت.

فەرھىز ئەيلەب لەبلەرى- شافتالۇسىنى ئۈزمەدىم،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن زەبانىمغە ئېيت.

جىلۋە ئەيلەب كۆڭلۈم ئالدى ئول مەھى نامىھرىبان،
ھەسرەتىدە قان يۇتارمەن بۇ يىنى تالىمغە ئېيت.

ئەۋۋەلىدە كۆرمەگەي ئىردىم سىنى ئىيماھىرۇي،
رەھمى يەتسۇن مەن يىتىم ھالى، نىگارىمغە ئېيت.

شۇم رەقىبلەر ۋە جەھىدىن كۆرمەك مۇيەسسەر بولمادى،
ئەرز- ھالىم ئول شەھى- ساھىب قىرانىمغە ئېيت.

يارىنىڭ كۆيىدە دائىم تەشنە لەبدۇر نۆبەتى،
يادەئى لەئلى لەبى ئارامۇ جانىمغە ئېيت.

زىيارەت ئەيلەمەك بولدى ماڭا ئۇل دىلرەبا، ھاجەت.
كېچە-كۈندۈز كۆيمىدە مەن ئەنىڭ مۇپتەلا، ھاجەت.

پىراق ئوتىدە كۆيمەكتە بۇ مىسكىن - ناتەۋان جانىم،
تەرەھھۇم ئەيلەبان قىلسا نىگارىم بىر قىيا، ھاجەت.

بارارمەن زار يىغلاپ ئۇل يارانلەر ئاستانىغە،
يېتىشكۈم دەرگەھىڭغە، باش قويۇپ قىلسام دۇئا ھاجەت.

بەھەم بولسا تەبەررۇك چەشمەئى كەۋسەر-شارابىدىن،
بولۇركۆڭۈل مۇنەۋۋەر، نۇش قىلسا بىرغىنا ھاجەت.

ئىمامىلەر ماتەمىنى تۇتسا ئۇل دەرگاھىدە ھەر كىم،
قىيامەت كۈن شافائەت ئەيلەمەككە مۇستەۋا ھاجەت.

ئانىڭ دەرگاھىدىن نەۋمىد ئىمەسدۇر نۆبەتى ئاجىز،
تىلەيدۇرمەقسەدى ھەر ۋەقىت، خۇدا بەرگەي راۋا-ھاجەت.





ئېيى نىگارىم بۇ ئەرز-ھالىم ئىشىت،
سائەتى ئولتۇرۇپ زەبانىم ئىشىت.

ھۆسىن باغىنىڭ گۈلشەنى بولساڭ،
بۇلبۇلى مەندۇرمەن نىگارىم ئىشىت.

مەن ئېرۇرمەن باشىڭدە پەرۋانە،
كېچەنىڭ شەمئى سەن، جاھانىم ئىشىت.

رەھمى قىل پادىشاھى كىشۋەر ھۆسن،
پەقىر كۆيۈگىدە مەن بۇ ئاھىم ئىشىت.

سۇبھىدىن تاكى شام ئۆرتەنۇر جانىم،
بولدى بۇ جىسمىم خاكىسارىم، ئىشىت.

قاشى ياسى كىرپىك ئوقى بىرلەن،
سىنەمە قىلدى زەخمىكارىم، ئىشىت.

كۆز- ياشىمنى شاراب ئەيلەرمەن،
چىگەرىم بولدى كەبابىم ئىشىت.

ھەسرەتىڭدە مەن زەئىپى ھالى خاراب،
ئەلى قەددىم نۇن ئولدى دادىم ئىشىت.

تەۋبە قىلغىلىكى نۆبەتى ھەردەم،
ھەددىدىن ئاشتى گۇناھىم ئىشىت.



## 23

يارىنىڭ كويىدە مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.

كەلمەگەي ئالەمگە سەندەك مەھۋەشى ئەي نازەنىن،
ئىشتىياقىڭ كەيپىدە مەستانە بولدۇم ئاقىبەت.

ئەلكى ئىشرەت باغىدە خۇررەمىلىق، دىلشادىلىق،
مەن غەرىبىڭ غەم بىلە غەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.

بىر زامان يوقتۇر ماڭا ئارامۇ ، نەسەبرۇ- قارار،
ئاي يۈزۈڭنىڭ شەمئىغە پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.

ئىككى شەھلا كۆزلەرى كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد،
چۇغىز يەڭلىغ مەسكەنى ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.

ئەي يارانلەر يارنىڭ ۋەسلى مېنى قىلدى خۇمار،
مۇتتەسىل ئاستانەسىن ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.

ساقىيا، مەي تۇت ماڭا جامى مۇھەببەت تولدۇرۇپ،
نۆبەتىڭىم تەشنەلەب، رىندانە بولدۇم ئاقىبەت.

ئىنايەت بولسا ھەقدىن بەندەگە ئول شاھىدىن بائىس،
بارۇر مىزكىم ئىماملەر ماتەمىغە ماھىدىن بائىس.

ئۆلەرىنىڭ يادى بىرلەن مەن ئۆزەمنى ئەيلەدىم مەشقۇل،
بىھەمدۇللاكى مەن بىچارەگە دەرگاھىدىن بائىس.

بارى قىلغان گۇناھىمنى خۇدايا سەن كەچۈر، تەۋبە،
نادامەت بىرلە قورقماقلىق قاراڭغۇ چاھىدىن بائىس.

خۇدايا بەندەلەرنى ئاب رەھمەتدىن نەسىب ئەيلەب،
ھەمىشە ئافىيەت تۇت مۇبتەدىئ ھەمراھىدىن بائىس.

شەھىدلەر ھۆرمەتىدىن يازۇقۇمنى ئەفۇ ئەيلەگىل تاھا،
خاتالىق ئۆتسەمەن بىچارەئى گۇمراھىدىن بائىس.

راۋا قىل ھاجەتىمنى پادىشاھىم، قىلماغىل نەۋمىد،
ئۈمىد بىرلە كېلىبدۇرمەن قولۇم كوتاھىدىن بائىس.

تىلەيدۇر نۆبەتى ئاجىز، نەسىب ئەت گەۋھەرى ئىمان،
ئۈمىدىم بار مەنۇ بىچارەكى ئاللاھىدىن بائىس.





ئاقىل ئېرسەڭ ئېي بىرادەر، قىلما نادان بىرلە بەھس،
خاتىرىڭنى جەمئى ئەيلەب، قىلما نادان بىرلە بەھس.

جەھد ئەيلەب ئەھلى دانا بىرلە بولغىل ھەمنىشىن،
ئەھلى نادانىدىن يىراق بول، قىلما نادان بىرلە بەھس.

ھەرنىچە مۇشكۇل سۇئالىڭ بولسا دانادىن سورا،
بىھۇدە زېھنىڭ كېتۇرمە، قىلما نادان بىرلە بەھس.

ئەقلۇ فەھمۇ، دانىشىڭنى ئالىمۇ دانا بىلۇر،
بىلمەگەي قەدرىڭنى ھەرگىز، قىلما نادان بىرلە بەھس.

چۈنكى زەرنىڭ قىممەتىن زاھىر قىلۇر سەڭگى، مەھەك،
جاھىلى مىسلى قاراتاش، قىلما نادان بىرلە بەھس.

ئەھلى دانالەرغە ياخشى سۆز دۇرى ناياب تۇرۇر،
مۇختەسەر قىلغىل سۆزىڭنى، قىلما نادان بىرلە بەھس.

بۇ نەسىھەتنى ئۆزەڭگە ئەيلەگىل ئېي نۆبەتى،
ئۆزگە بىرلە نە ئىشىڭ بار، قىلما نادان بىرلە بەھس.

ئۆمرۈڭ ئىچرە ياخشى ئىش كەم بى رىيا قىلدىڭمۇ ھېچ،
ھەققە ئالا ھەققىدە ھەمدۇ-سانا قىلدىڭمۇ ھېچ.

باھۇزۇرى دىل بىلە تائەت ئىبادەت قىلمادىڭ،
مەئسىيەتكە بولغانىپ، ھەققىنى رىزا قىلدىڭمۇ ھېچ.

قايسى ئەھۋالىڭ بىلە دەئۋا قىلۇرسەن بەندەلىك،
شەرتى ئولدۇر—فەرز-سۈننەتنى ئادا قىلدىڭمۇ ھېچ.

سەن گۇنەھكە يانىپ، تەۋبە-تەزەررۇئ قىلمادىڭ،
باشتا دەستارىڭ بىلە شەرم-ھايا قىلدىڭمۇ ھېچ.

سەن ئەزىزلەرنىڭ مازارىنى تاۋاب ئەيلەبان،
ئاستانە تۇپراغىنى تۇتىيا قىلدىڭمۇ ھېچ.

سەن خۇداۋۇ، ئەنبىيانىڭ روھىنى خۇشنۇد ئېتىپ،
ئاچقا ئاش، تەشنەگە سۇ بىر قانا بەردىڭمۇ ھېچ.

بىھۇدە ئۆمرۈڭ ئۆتتى بىدۇر ۋادەرىغا، نۆبەتى،
بىرغەرىبى ناتەۋانغە دۇئا قىلدىڭمۇ ھېچ.





چىقتى ناگاھ مەھۋەشى رەڭگىنى گۈلنار ئەيلەگەچ،
ھەلقە-ھەلقە زۈلفىنى بويىنغا زۇننار ئەيلەگەچ.

ئىككى جادۇ كۆزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلەرى باشىدا تۇمار ئەيلەگەچ.

مەن يېتىمگە بىر نەزەر قىلمادى ئول مەھ پەيكەرى،
خەلقىنىڭ بەدنامىدىن مەندىن يامان ئار ئەيلەگەچ.

پىستە ئاغزىنىڭ ئىچىدە تىشلەرى دۇردانەدۇر،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز شىرىن گۇفتار ئەيلەگەچ.

ئاتتى مىژگان ئوقلەرى ئىككى قاراتچى كۆزلەرى،
بولدى بۇ جىسمىم زەئىف باغرىمنى گۇفنار ئەيلەگەچ.

ناگىھان كۆردۈم تۈشۈمدە ئاي يۈزىنىڭ شەۋقىنى،
ئول زامان يانىمدا يوق، ئويقۇمدا بىدار ئەيلەگەچ.

نۆبەتى ھەم يارىنىڭ كويىدە مۇجاۋىر بولدىكىم،
مالىنى ھەم باشىنى، جانىنى ئىسار ئەيلەگەچ.

كۆڭۈللەر خاھىشى رەئنا، جامالىڭ ناگىھان كۆرگەچ،
قەدى شەمشاد تۇبادەك نىھالىڭ سايەبان كۆرگەچ.

پىراقىڭدە قىلىپ شامۇ-سەباھ بۇلبۇلكەبى پەرياد،
كىلە ئىل غۇنچەئى خەندان لەبىڭدىن گۈلىستان كۆرگەچ.

مىرادىم ئول جامالىڭ خىرمەنىغە ئەيلەسەڭ ۋاسىل،
كۆڭۈل مۇرغى ئۈچتىلۇر نۇختەئى خالىڭنى دان كۆرگەچ.

گەھى مېھراب يەڭلىغ سەبزەئى پەيۋەستە قاشىڭغە،
ھەمىشە سەجدە ئەيلەپ، ئاستانەڭنى ئامان كۆرگەچ.

ھەمىشە ئاقىۋەت ئۆت مۇبتەدە ئاخىر زامانىدىن،
قىلەيدۇرمەن گۇناھىم، شۇم رەقىبلەردىن زىيان كۆرگەچ.

ئۈمىد بىرلە كېلىبمەن ئېي نىگارىم ئاستانەڭغە،
بۇ ئاجىز نۆبەتى ئەلدىن سېنى ساھىبقىران كۆرگەچ.





ساقىيا، بەرگىل شارابى بىر قەدەھ،
جامۇ ئىشرەتدىن گۇلابى بىر قەدەھ.

يارنىڭ كۈيىدە بولدۇم تەشنە ئى،
لۇتف-رەھمەتدىن شارابى بىر قەدەھ.

ساقىيا، جامى مۇھەببەت تولدۇرۇب،
ئىلتىپات ئەتكىلكى ئابى بىر قەدەھ.

سەن ئەگەر لۇتفى-ئىنايەت ئەيلەسەڭ،
بىنە ھايەتدۇر ساۋابى بىر قەدەھ.

كاشكى يارىم بەھەم بولسا بۈگۈن،
قولىدىن ئىچسەم شارابى بىر قەدەھ.

ئىشتىياقىڭدىن جىگەر بولدى كەباب،
بادە ئىچسەم مىشكىنابى بىر قەدەھ.

چىر زامانى سۆھبەتى مەردى خۇدا،
دىدەدىن تۆكسە فۇرئابى بىر قەدەھ.

بى رىيا يۈز يىلقى تائەتدىن ئاڭنى،
ياخشى بىل ئىچسە خۇدابى بىر قەدەھ.

سۆھبەتى مەردى خۇدا يەتسە بەھەم،
نۆبەتى ئىچكىل شارابى بىر قەدەھ.





**34**

چىقتى ناگاھ ئاتلانىپ ئول شەھسىۋارى سەرۋقەد،
نەۋ باھار ئەييامىدەك بىر گۈل ئۇزارى سەرۋقەد.

باشىدە تاجى-مۇرەسسەئ، ئەڭلىدە زەررىن قەبا،
ئول مۇبارەك ئىلكىدە بىر زۇلفىقارى سەرۋقەد.

قۇۋۋەتى ئىسلامىدۇرلەر، قاتىلى كۇففارىدىن،
ئاچسا ئىسلامى شەرىئەت، نامىدارى سەرۋقەد.

بولسا ئەۋلادى نەبى، كى بولسا شاھى پاكىدىن،
رەھىم ئەيلەپ كەلسە لەركىم بۇ دىيارى سەرۋقەد،

كۇفىر ئىلىدىن قىلسا لەر جۇماھ ئۇلۇس ئەھلىن خالاس،
قىلسە كافىرلەر بىلەن بىر كارزارى سەرۋقەد.

كاشكى ئۇشبۇ مەھەلدە چىقسا لەر ساھىبقىران،
چۇن ئىسامى ئەھدى يەڭلىغ شەھسىۋارى سەرۋقەد.

نۆبەتى دائىم تەلەپ قىل، بۇلماغىل نەۋمىدىۋار،
كەلگۇسىدۇر پادىشاھى، تاجدارى سەرۋقەد.

## 36

يارىنىڭ كوچىدا ئۆلمەك قەندە-شەكەردىن لەزىز،
فۇرقەتى-ئىشقىدا كۆيمەك قەندە-شەكەردىن لەزىز.

ناگاھان بىر قەترەئى دەريايى ئىشق مەۋج ئەيلەسە،
ئىشق ئوتىنىڭ ئۇچقۇنى مىڭ قەندە-شەكەردىن لەزىز.

مەن يىتىم بىچارەگە بىر ئۇچقۇنى يەتسە بەھەم،
ئۇچقۇنى شەۋقىدا ئۆلمەك قەندە-شەكەردىن لەزىز.

ئۆرتەنىپ ئىشقى ئوتىدا جان-دىلىم بولدى كەباب،
بەلكى سىزسە ئۇستىخانىم قەندە-شەكەردىن لەزىز.

بەندەگە لۇتفى-ئىنايەت بولسا ھەقدىن زەررەئى،
ئىسمى-زاتىنىڭ زىكرى قىلسام قەندە-شەكەردىن لەزىز.

نۆبەتىكىم يارىنىڭ كوچىدا دائىم يىغلاغىل،
قەترەئى ئەشكى نەدامەت قەندە-شەكەردىن لەزىز.



## 39

كۆرۈپمەن، ئولتۇرۇپتۇر ھۆسنى باغ ئىچرە بىر دىلدار،
يۈزى ئاي يۇ، كۆزى چولپان، فەرىۋەش ھۆر گۈلى رۇخسار.

قاشى مىھراب يا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋىيا ئەر-ئەر، يۈرۈشى خۇش كەبىك رەفتار.

يۈزىدۇر بىر مەھى تابان لەبىدۇر لەئلى يا مارجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران سۆزى شىرىن خۇش گۇفتار،

تولۇن ئاي يەڭلىك جامالىڭغە، كۆكۈل قەيد بولدى خالىڭغە،
قاچان يەتكۈم ۋىسالىڭغە، كۆكلۈمنى ئالدى ئول مەككار.

قاشىڭغە باردىم ئول سائەت قىلىپ تەئزىم شول ھۆرمەت،
ئېيتىپ ئول تىيىر-مىژگانىن، باغرى زەخىم ئەيلەدى ئەييار.

ئانىڭ ئىشقى خاراب ئەيتتى، يۈرەك باغرىم كەباب ئەيتتى،
كۆزۈمنى غەرق ئاب ئەيتتى، يىشىمدا بولدى سىر ئاشكار.

مالامەت قىلماڭىز ياران، ئەگەر بولسام خاراباتى،
گەھى كىم يارى كوچىدا ئىچىپمەن بادەئى كۆكنار.

ھەمىشە يار ۋەسلىنى تىلەيدۇر نۆبەتى ئاجىز،
ئانىڭ كوچىدا ئۆلمەكلىك، بىھىشت تەھتىھال ئەنھار.

## 43

شىۋەئى نازۇ-كەرەشمە، جىلۋە بىرلە چىقتى يار،
قاشى ياسى بىرلە مەن بىچارەنى قىلدى شىكار.

ماھى تابان چەھرەسىن زۇلفى بىلەن پىنھان ئېتىپ،
مەن يېتىمگە ئىلتىپات-مەرھەم ئېتەرگە قىلدى ئار.

ئەي يارانلەر مۇرغى روھىمنى زەئىف ئەتتى نىتەي،
نەئۇچۇن مىژگان ئوقى قىلدى يۈرەكىم زەخمىكار.

كۆيدۈرۈپ فۇرقەت ئوتىدا ئول مەھى نامېھرىبان،
بىلمەدىم، ئىشقى ئوتى سىررىمنى قىلدى ئاشكار.

خۇبەتى سەن بۇ جاھاندا سەير قىلغىل نەچچەكۈن،
رەھىم ئەيلەب مەقسەدىڭغە يەتكۈرۈر ئول بىرۇ بار.



## 44

نىمچە تىزە يەتتۇن تاۋار كەيگەن ئەمرىنىڭ ياسى بار،
ئەگنىدە بۇلغارى ساغداق، باشتا دوبۇلغاسى بار.

باشىغە تاجى-مۇرەسسەئ، شانۇ-شەۋكەت ئۈزرە كۆر،
لەشكەرى كۇففارىنى ئىسلام ئاچار غەۋغاسى بار.

سىدقى بىرلە ناگىھان بولسا مۇسۇلمان كافىرى،
كىم ئاڭا قىلسا ئىنايەت، كۆڭلىدە ئىخلاسى بار.

مەھدەئى ئاخىر زامان ئۇشبۇ مەھەلدە چىقسالەر،
قاتىلى كۇففارىنى ئىسلام ئاچار دەئۋاسى بار.

ھەر زەمانى رەھمەتى دەرياىي ھەق مەۋج ئەيلىسە،
كۇفرزۇننارىغە ئىمان گەۋھەرى كىمياسى بار.

خۇبەتى ئاسىغە ئىمان گەۋھەرىدىن قىل نەسىب،
نائۇمىد ئولما خۇدانىڭ رەھمەتى-ئاتاسى بار.

46

پەسلى نەۋباھاردا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،
ئىسلى كاكۈلى سۈمبۈل ھەرتەرەپ ساچىلغان قىز.

بادە ئىچتىم زەۋقىدە، مەيدە ئەكسىنى كۆردۈم،
ھۆسن باغىدە تەنھا ئولتۇرۇر خىرامان قىز.

شۇم رەقىبلەر چەھرەڭنى بولمادى يۈزىن كۆرمەك،
بولۇت ئىچرە ئاي مۇزمەر، زۇلف ئىچرە پىنھان قىز.

كۆز ئۇچىدە بىر باقتى، تەگدى تىغى مىژگانى،
سىنەم ئۆز رەفىقانى رەخنە قىلدى ۋەيران قىز.

مەن دېدىم: ئايا دىلبەر، لەبلەرى گۈلى ئەھمەر،
سەدقەئى چاماللىقدىن بىزگە ئەيلە ئىھسان قىز.

غۇنچەئى نىھاللىدە ئىككى مىۋەئى كۆردۈم،
ئىككى ساڭگۈلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان قىز.

نافەئى بەدەندۇر خۇب، قىز بەسى ئېرۇر مەرغۇب،
بولسا قىز بىلە ۋاسىل، دەردى دىلغە دەرمان قىز.

رەھىم ئەيلەئى مەھۋەش، تۈشتى جانىمە ئاتەش،
نۆبەتى نىھاللىقدا بولدى ئىشقى پىنھان قىز.



47

كۆھنە، بىۋاپا دۇنيا كۆرەندۇر جەۋلان قىز،
كىم ئانىڭكى دوست تۇتسا، ئول قىلۇر غۇلامان قىز.

زاھىرى چىرايلىقدۇر، نەستەرى گۈلى يەڭلىغ،
بادەئى خازان تەگسە، ئول مەھەل قۇرۇغان قىز.

دوست تۇتما ئى نادان، ئەستەبان يۈرۈپ ھەريان،
ئول ساڭا ۋافا قىلماس، كەلتۈرۈر پۇشايمان قىز.

خەندەئى قىلۇر ھەردەم، كىم ئاڭا بولۇر ھەمدەم،
كۆڭلىنى ئورار بەرھەم، بىۋافائۇ يالغان قىز.

مىكرى بىرلە ئول ئىنجاز، نەچچە كۈن بولۇر ھەمراز،
بولماغىز ئاڭا دەمساز، ئۆلتۈرۈر ئالامان قىز.

ئەقىل بولسا ئى ياران، بولماغىز ئاڭا ھەريان،
كۆرسەتۇر ئۆزىن جۇۋانزىشتىرۇ قېرىغان قىز.

دوستى تۇتتى شەيدۇللا بولدى ھەقدىن غەيرۇللا،
مەن-مەن دېگەن ئەرلەرنى باغرى بىرلە چالغان قىز.

نۆبەتى كۆڭۈل بەرمە، تا ئەتى خۇدا ئەيلە،
ئاخىرى نەسىب ئەتكەي جەننەت ئىچرە چەندان قىز.

كۆڭلۈم ئالدى ناگىھان ئول دىلبەرى ئەييار قىز،
ئازەزى چۈن شەمس تەلئەت قەددى خۇش رەفتار قىز.

ساچلەرى ماڭەند سۇمبۇل، لەبلەرى ماڭەند گۇل،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، خۇش رۇي، خۇش گۇفتار قىز.

مەن كەبى يۈز مىڭ گەدانى فۇرقەتىدە كۆيدۈرۈپ،
تىيرى-باران ئەيلەدى مىژگانلەرى خۇنخۇار قىز.

كۆيدۈرۈپ ھىجران ئوتى جىسمىمنى خاشاك ئەيلەدى،
مەرھەمەت ئەتمەي يېتىمگە، تۇرفە خۇش مەككار قىز.

ئىشتىياق ئەيلەپ ئاڭا، ئىستەپ يۈرگۈرمە ھەر تەرەپ،
بولماغاي ئەيلەپ ۋاپا، ئالدىدا خىزمەتكار قىز.

بەرمەگىل كۆڭلۈڭنى بۇ دۇنيايى پانى قىزكۆرۈپ،
ئارىيەتدۇر، ئاخىرەن قىلغاي سېنى بىمار قىز.

جەھد ئەيلە نۆبەتى، قىلمىغىل خۇداغە تائەتى،
تا نەسىپ ئەتكەي ساڭا، جەننەتتە ھۆر بىسيار قىز.





جىلۋە ئەيلەپ دوستلۇق مېھرىنى دۇنيادە تۇتىڭىز،
مەرھەمەت ئەيلەپ ھەزىن كۆڭلۈمنى ئاباد ئەتىڭىز.

ۋەئدە بىرلە كۆرگۈزۈپ مېھرۇ-ۋاپالىق رەسمىنى،
ئىلتىپات ئەيلەپ مەن بىچارەنى شاد ئەتىڭىز.

كۆپ ئۈمىدىم بار ئىدى، ۋەئدەگە قىلغاي ۋاپا،
بىۋەپالىق ئەيلەبان كۆڭلۈمنى ناشاد ئەتىڭىز.

غۇنچە يەڭلىغ يۈرەكىمنى تەھ-بىتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يېتىمگە رەھىم قىلماي زۇلۇم بىداد ئەتىڭىز.

بۇ جاھاندا بىۋەپا مەئشۇق رەسمى ئۇشبۇدۇر،
سەبر ئەيلەڭ نۆبەتى كىم تۇرفە پەرياد ئەتىڭىز.

51

كۆڭلۈمنى ئالدى ناگىهان ئول يارئالمەگىز،
جىسمۇ-زەئىپىم ئۆرتەدى ئول نار ئالمەگىز.

ۋەقتىسابا كەلدى شەمىم بويى ئالمەئى،
بىچارەلەرنى قىلدى كەيپ-خۇمار ئالمەگىز.

ئول ھۆسنىدىن ئالما تەسەددۇق ئەيلەسەڭ،
بىرزەررە ئۆكسۈمەس، بولۇر بىسىيار ئالمەگىز.

رەھىم-ئىنايەت ئەيلەگىل ئى پادىشاھى ھۆسن،
ھىجران كىشىلەرگە گەھى نار ئالمەگىز.

ئول ۋەززۇھا تۆزرەۋەللەيلى ساچلەرىڭ
پىنھان قىلۇر بولۇت كەبى دىدار ئالمەگىز.

مەئشۇق باقى ئەيلەسە قىل تائەتى مۇدام،
ئول مەھۋەشكى فانىدۇر زىنھار ئالمەگىز.

كۆيدى فىراق ئوتىدا بىچارە نۆبەتى،
كۈندە يۈزمىڭ ئۆلتۈرۈر خۇنخۇار ئالمەگىز.



53

دىلبەرىم سەندەك جاھاندا ھېچكىم رەئنا ئەمەس،
فۇرقەتىڭدە ھېچكىم مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس،

ھۆسن باغىدە سېنىڭدەك كۆرمەدىم ئى نازەنىن،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدەك ھېچ گۈل رەئنا ئەمەس.

بۇلبۇلى بىچارە كۆڭلۈم گۈل يۈزۈڭنىڭ شەۋقىدە،
زارىغلاپ ئىستە يۈرمەن، بىر گۈلى پەيدا ئەمەس.

لەبلەرىڭنىڭ غۇنچەسى، بەرسەڭ جامالىڭ سەدقەسى،
ئۆكسۈمەسكىم ھۆسن باغىدە گۈلى لالە ئەمەس.

بىھۇدە ئۆمرۈم ئۆتۈبدۇر يارىدىن كۆرمەي ۋاپا،
نۆبەتىدەك بۇجاھاندا ھېچكىم رەسۋا ئەمەس.



61

كاشكى بىر رۇقئەئى نامە ئىبەرسە يار خەت ،
ئىلتىپات ئەيلەپكى مەن بىچارەگە دىلدار خەت .

ھېچ گۈل سۆز گۈلشەنىنىڭ گۈللەرىدىن خۇب ئەمەس ،
يارنىڭ شېرىن سۆزى بىر دەستە گۈل، گۈلزار خەت .

كىرپىكىم ئەيلەپ قەلەم، ياشىم سىياھىنى راۋان ،
چېھرەئى زەردىمگە مەن نامە پۈتۈرمەن زارخەت .

ئى سەبا، بۇنامەئى زەردىمنى يەتكۈر يارىغە ،
بىر گۈل ئىبەرگەيمىكىن شېرىن سۆزىدىن يار خەت .

كەلسە ناگاھ بىر خەتى ئەھدى ۋاپاسىدىن ئانىڭ ،
ھېچ ئارمان يوق، كۆرۈپ ئۆلسەمكى مەن دىدار خەت .

ئى خۇدايا رەھىم ئەيلەپ يارنىڭ كۆڭلىغە سال ،
بۇ مېنىڭ شورىدە ئەھۋالىمنى بىلگەي يار خەت .

نۆبەتى سەن ھەم تىلىگىدىن يارغە بىر خەت ئىبەر ،
كىم سىرىڭنى يار بىلسۇن، بىلمەسۇن ئەغيار خەت .



65

قۇدرەتىم يوق مەككە تاۋابىغا قوياي دىسەم ئاياغ ،
ئەي يارانلەر ئەسىپ ـخەر يوق ماڭغىلى، قالدىم ياياغ .

نەئىلاج ئەيلەيكى مەن كەلدى نەھۇسات يۈزلەنىپ ،
ئى خۇدايا رەھىم ئەيلەپ مەن قۇلۇڭغە بەر ياراغ .

تەۋبە قىلدىم قادىرا، يازۇقۇمنى سەن كەچۈر .
بىۋەفا غەددار دۇنيا سىنەم ئۈزرە قويدى داغ .

غەپلەت ئىچرە بى ۋاپا دۇنيا ئىكەنىن بىلمەدىم .
بىۋاپالىق ئەيلەدى كۆڭلۈمنى قىلدى بىدىماغ .

ئاقىل ئىرسەڭ بىۋاپا دۇنياغە قىلما ئىختىيار ،
بەرگەنىگە شۈكرى قىل، مەھشەردە بار ئاسان سوراغ .

ھەقتە ئالانىڭ يولىغا خەير ساخاۋەت ئەيلەكىم ،
تاڭلا مەھشەردە بىراق بەرگەي ساڭا جەننەتتە باغ .

جەھد ئەيلەپ نۆبەتى قۇرئان تەلاۋەت قىل مۇدام ،
يازۇقۇڭنى ئەفۇ ئېتىپ گۆرۈڭگە ياندۇرغاي چىراغ .

## 66

قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى دەرىخ ،
ھەقتەئالا نەزدىدە بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ .

ئۆمرۈم ئەللىك يەتتىگە يەتتى ھۇنۇزمەن ئەل ئىمەس،
ئەمرى ھەقنى تۇتمايۇ، بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ .

ھېچكىمى مەندەك يەنە رەسۋايى ئالەم بولماغاي ،
زۇلمى ئەيلەپ ئۆزۈمە، بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ.

زۇھدى- تەقۋا ئەيلەمەي، يا خىزمەتى پەيغەمبەران ،
كەلىب يەتكىلىغ كىم نەھىس، بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ.

ئارىغى رىندانەلەر جامى مۇھەببەت قىلادى نۇش ،
جىسمىنىجۇقىلغىلكى سەن، بىھۇدە ئۆمۈرئۆتتى دەرىخ .

ئاقىل ئېرسەڭ كەلىب يەتكىلىغ جىمپەنى قىلما تەلەب ،
ھېچ ۋافا قىلماس ساڭا، بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ .

نۆبەتى بىلگىل غەنىمەت كىم تاپىلىسا گەردەمى ،
نۇش قىلغىل بىر دەمى، بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ .



## 68

نە خاتالىق مەندىن ئۆتتى ياردىن تۈشتۈم يىراق ،
كېچە- كۈندۈز يار كۈيىدە تارتادۇر مەن ئىشتىياق .

ئەي يارانلەر بۇ يىراقلىق دەردى ئۆلتۈردى مېنى ،
سائەتى ھازىر ئولۇب قاشىدا ئولسام ياخشىراق .

مەقسەدىم ئولدۇرتىرىك مەنكى قىلسام خىزمەتىن ،
نە ئىلاج ئەيلەي مېنى دۇنيايى دۇن سالدى يىراق.

كۆزدە غايىب سەن ۋەلى، كۆڭلۈمدە ھازىر سەن مېنىڭ،
كەيف قىلدى بۇ مۇھەببەت بادەسى ئىچتىم ئەراق .

تا جامالىن كۆرمە گۈنچە چىقماغاي ھەرگىز خۇمار ،
دەرد مەندلەرگە قىيامەت دەشتىدە ھازەل فىراق .

تاپمادىم يارىمغە قان-ياشىمدىن ئۆزگە تۆھپەئى ،
كېچە-كۈندۈز يادىدە ئاقتى مەڭىز ئەشكى بۇلاق .

سەبىر قىلغىل بۇ يىراقلىق دەردىگە ئېي نۆبەتى ،
نا ئۈمىد ئولما خۇدا رەھمەت قىلىپ بەرگەي بىراق .

## 69

ناگىھان چىقتى ھەرەمدىن بىر پەرى رۇخسارلىق ،
جىلۋە ئەيلەپ كۆڭلۈم ئالدى كاپىرى زۇننارلىق .

سىنەم ئۆزرە تەگدىكىم نەززا رەسىدىن تىغى ـ ئىشق ،
ناۋەكى پەيكانىدىن بولدۇم جاراھەتدارلىق .

نەچچە كۈن بولدى جاراھەت دەردىدىن جىسمىم زەئىپ ،
ئەيلە بان يار كۈيىدە شامۇ ـ سەبا بىدارلىق .

تا رىيازەت چەكمەيىن تاپماسكى يارى ۋەسلىنى ،
تا تىرىكمەن ئەيلەسەم، ئالدىدە خىزمەتكارلىق .

مەقۇللۇقى يەتسە بەھەم بىچارە ئاجىز بەندىگە ،
نەچچە كۈن كۈيىدە بارىپ، ئول چەھىتىدىن كىم خارلىق.

ئۆرتەنىپ پەرۋانە دەك شەمئى جەمالىڭ شەۋقىدە ،
تارتىمەن ھەر سۇبھىدە، ھىجرىدە گىريە زارلىق .

شۈكرىلىللاھ يارنىڭ كۈيىدە ئاجىز نۆۋبەتى،
بىباشقا تاجى شەرىئەتدىن قويۇپ دەستارلىق .



## 70

موغۇلىستاندا قىلۇر كاپىرى زالىم خانلىق ،
پۇقرالەرغەم ـ ھەسرەتدە يۈرۈر ھەيرانلىق .

قادىرا، بەندەلەرنىڭ دەردىگە دەرمان ئەيلە ،
سەندىن ئۆزگە يەنە يوق دەردىگە ھىچ دەرمانلىق .

بۇ مەھەلدە ھەمە زالىملەر يۈرۈر [illegible]
مۆئمىن ئەل زۇلمى [illegible] بىرلە [illegible] دەربانلىق .

كەرەمىڭ بىرلە ئامان [illegible] مۆئمىنلەرغە ،
ۋەرنە كۇفر ئەھلى ۋىلايەتنى قىلۇر ۋەيرانلىق .

كىردىگارا، دوستۇڭ ھۆرمەتىدىن ئەيلە خالاس ،
بۇ مۇسۇلمانلەرغە مۇشكۇل، ساڭا دۇر ئاسانلىق.

بىھۇدە ئۆمرۈم ئۆتتۈبدۈركى يۈرۈپ غەپلەتدە ،
قىلمادىم ياخشى ئەمەل، قىلغان ئىشىم نادانلىق .

رەھىم ئەيلەپ ئاسىيلەرغە بەركىل تەۋفىق ،
سىدقى ئىخلاس بىلە تائەتىكى ئارمانلىق .

كەرەمىڭ بىرلە دۇئا يىمىزنى ئىجابەت ئەيلە ،
مالۇ-جانىمنى يولۇڭدا قىلايىن قۇربانلىق .

ئىلتىماسى قىلادۇر نۆبەتى بىچارەئى ،
ئەيلەگىل بەندەلەرنىڭ كۆڭلىنى پۈر ئىمانلىق .

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



**71**

ئۇشبۇ كۈندە بولماغاي مەندەك يەنە كۆڭلى سۇنۇق ،
ھېچ تۆھپەم يوق گۇناھىمدىن بۆلەك، بارسام قۇرۇق.

ۋەئدەئى لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتىللاھ ھۆرمەتى،
مەغپىرەت قىلغىل گۇناھىم چەھەتىدىن بولدۇم ئورۇق.

يائىلاھىل ئالەمىن بارچە نەبىلەر ھۆرمەتى،
رەھىم ئەيلەب تەڭ، تارىك گورۇمنى فەراخ، قىل يورۇق.

ئېي خۇدايا بەندەگە تەۋفىقى-تائەت قىل نەسىپ،
رەھمى-ئاسانىڭ ئىلە مەھشەرزدە خەير بولغاي سورۇق.

نۆبەتى سەن ئاخىرەت سەرمايەسىنى ئالمادىڭ،
نە قىلۇرسەن يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق، مەركەب ئورۇق.

ئەي مۇسۇلمانلەر مېنى ئول دىلرەبا ئۆلتۈرگىدەك،
كۆيدۈرۈپ فۇرقەت ئوتىدا، بىگۇنا ئۆلتۈرگىدەك.

كۆز ئۇچى بىرلە باقىپ باغرىم جاراھەت ئەيلەدى،
ئوقى تەگدى باغرىمە قىلدى يارا ئۆلتۈرگىدەك.

ئېي يارەنلەر ئوق دەردى باغرىمە كار ئەيلەدى،
زۇلىم ئەيلەب دەردىمە، قىلماي داۋا ئۆلتۈرگىدەك.

مەن كەبى يۈزمىڭ گەدانى فۇرقەتىدە كۆيدۈرۈپ،
بارچەنى ئىشقىدە قىلدى مۇفتەلا، ئۆلتۈرگىدەك.

ھەلقە-ھەلقە زۇلفىنى بۈينۇمغا ئول دام ئەيلەبان،
ئاقىبەت بىخانىمان ئەيلەپ گەدا، ئۆلتۈرگىدەك.

خاھىشىڭ گۇلدۇر، تىكەن دەردىگە سەبر پىشەقىل،
ھەقتەئالا رەھمەتى قىلغاي رەۋا، ئۆلتۈرگىدەك.

نۆبەتىكىم ھەر بالا كەلسە خۇدادىن بول رىزا،
ھەر نىچۈك بولساكى تەقدىرى خۇدا، ئۆلتۈرگىدەك.





رەسىم ئۆلۈبدۈركى ئولۇس ئەھلىغە دائىم غەم يېمەك،
تا تىرىك بولساڭ خۇدا بەرگەي ساڭا لايىق نەمەك.

ئاخىرەت شىددەتلەرىدىن بىخەبەردۇر ئەھلىدۇن،
كېچە-كۈندۈز ئىشى ئولدۇر دۇنيايى دۇن بىرلە ھەلەك.

ھەزرەتى ئىيسانى سەن يادىڭغە كەلتۈر ھەرزامان،
بىدەرەملىكتىن مەقامى بولدى تۆرتىنچى فەلەك.

كېچە-كۈندۈز فىكرى ئاشىق-مەشۇقنىڭ يادىدە،
مۇتتەسىل ئولدۇر تىلەك، دىدار مەئشۇقى تىلەك.

بول ھەۋەسلەرنى مۇھەببەت ئەھلىغە مەگز ئەتمەگىز،
بول ھەۋەسلەر بىر سەرى، ئەھلى مۇھەببەتلەر بۆلەك.

دانىشىڭ بولسا، مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جۇيسانى بول،
خىزمەتىن ئەيلەپ ئاياغىن ئاستىدا بولغىل فەتەك.

نۆبەتىكىم ئۇشبۇ ئەھۋالىڭغە ھەم شۈكرى ئەيلەگىل،
ئىلىم بىرىبدۈركىم ساڭا، مۇندىن زىيادە نە كېرەك.

76

دىلبەرىم سەندەك يەنە ئارامۇ-جانىم يوق مېنىڭ،
تالى بويۇڭغا يەنە سەرۋ زاۋانىم يوق مېنىڭ.

بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئەي نازەنىن،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز-شىرىن زەبانىم يوق مېنىڭ.

رەھىم قىلغىل مەن يېتىم-بىچارەگە ئەي دىلبەرىم،
سەندىن ئۆزگە يەنە ھېچبىر مېھرىبانىم يوق مېنىڭ.

ئۆرگۈلۈپ پەرۋانەدەك شەمئى جامالىڭ شەۋقىدە،
كۆيدى بۇ جىسمى-زەئىپىم فەرۇ-بالىم يوق مېنىڭ.

ئاستانەڭ ياستانىپ ئۆلسەم نە ئارماندۇر ماڭا،
يادى-فىكرىم سەندەدۇركى، ئۆزگە يارىم يوق مېنىڭ.

دادىخاھلىق ئەيلەدىم، مەن ئەرز-ئەھۋالىمغە يەت،
تاپمادىم سەندىن بۆلەك بىر شەھسىۋارىم يوق مېنىڭ.

نۆبەتى سەن يارىنىڭ ئاستانەسىندە بول مۇدام،
تا تىرىكمەن ياردىن ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.



81

مۇنتەزىردۇرمەن ساڭا، ئەي ئاشىقى دىۋانە كەل،
بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى غارەت ئەيلەگىل، مەيخانە كەل.

ئال قولۇڭغا ئول مۇھەببەت بادەسىدىن كاسەئى،
جۇرئەئى جامى مۇھەببەتتىن ئىچىپ مەستانە كەل.

يارىنىڭ زەۋقى-ھارارەتىدىن بولۇپ مەن تەشنەئى،
لۇتف ئېتىب كەلتۈر ماڭا بىر جۇرئەئى پەيمانە كەل.

بۇ ئارادا يار بولسۇن، بولماسۇن ئەغيارەلەر،
جامى ۋەھدەتتىن ئىچەلى بىردەمى رىندانە كەل.

تا قىيامەت چىقماغاي كەيپى مۇھەببەت بادەسى،
يارىنىڭ شەۋقى-جامالى شەمئىغە پەرۋانە كەل.

ئاشىقى سادىق ئېرۇرسەن، دەھرىدىن تەجرىد بول،
شۇم رەقىبلەر ۋەھشەتىدىن قورقماغىل مەردانە كەل.

نۆبەتىكىم مەقسەدىڭ ۋەسلى جامالى ياردۇر،
سەن ئۇلارنىڭ مەرقىدىن تاۋاب ئېتىب مەستانە كەل.

## 82

گۈل چاغدۇرىپ ساقى ۋەقتىنى غەنىمەت بىل،
ئالسۇن ئاياغدىن باشىغە، بىزگە جامۇ ئىشرەت قىل.

يا بىلىڭلار-بىلمەڭلار، ئاڭلاماس مۇنى تاڭلا،
تاڭلا بولغۇسى تاڭلا، بۇ كۈننى غەنىمەت بىل.

خۇش كېلۇر ۋىسال ئېيي يار، باغ ئارا گۈلى-گۈلزار،
بولسا-بولماسۇن ئەغيار، يار بىرلە سۆھبەت قىل.

ياردىن جۇدا بولما، غەمگە مۇفتەلا بولما،
شاھ بولۇب گەدا بولما، كۈشەئى قانائەت قىل.

نۆبەتى ۋىسال ئۆتتى، يار فۇرقەتى يەتتى،
يار ئۇيان ئۆتۈپ كەتتى، تېز بول، يۈگۈر، يەتكىل.





## 83

چىقىپ شەھر ۋۇجۇدىدىن تەمەششايى جاھان كەلدىم،
بى فەرمانى ئىلاھا قەترە سۇدىن ناگىھان كەلدىم.

ئىنايەتى ئىلاھا بولغاي ئېردىم رۇز ئەۋۋەلدە،
بىھەمدۇللاكى مەن ئاجىز مۇھەببەت خانەدان كەلدىم.

چىقىپ ياركەنت دىيارىدىن مەنازىللەرنى قەتئى ئەيلەب،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇقى بۇغراخان كەلدىم.

مەنۇ ئاجىز قۇلىغە پادىشاھىم رەھىم ئەتكەي دەب،
ئىماملەر ماتەمىنى تۇتقالى مەن باغرى قان كەلدىم.

كېچە-كۈندۈز فىراقىدا يۈرۈبمەن دەر-بەدەر ھەيران،
شەھىدلەردىن مەدەد بولغاي دىبان بىخانىمان كەلدىم.

مەنۇ بىچارە-ئاجىز ھالىغە رەھىم ئەيلەگىل يارەب،
مۇرادىمغە يېتەرمەن دەب شەھى-ساھىبقىران كەلدىم.

ياتىبدۇر نۆبەتىكىم جەزبە ئەيلەب مەست-لايە ئۇقەل،
ئۆزەمدىن بىخەبەردۇرمەن بۇ دەرگاھقە قاچان كەلدىم.

84

ئاخىرەت شىددەتلەرىدىن تورفەغەم كەلتۈرمىشەم،
ھەر سەھەرلەردە كۆزۈمدىن ئەشك-نەم كەلتۈرمىشەم.

ھەر زامان قىلغان گۇناھىمغە نادامەت ئەيلەبان،
نەفسىمە تىيرە-قانائەتتىن ئەلەم كەلتۈرمىشەم.

ئول ئەلىفدەك قامەتىم دەۋزەخ غەمىدىن بولدى نۇن،
يازۇقۇمنىڭ جەھتىدىن قەددىمنى خەم كەلتۈرمىشەم.

رەھمەتىڭ بىرلە گۇناھىمنى كەچۈرگىل ئەي ئىلاھ،
دەرگاھىڭغا ئىلتىجا، ئەفۋ كەرەم كەلتۈرمىشەم.

كىردىگارا بەندەگە، تەۋفىق-تائەت قىل ئاتا،
قۇللۇق ئەيلەب سەجدەگە باشىمنى خەم كەلتۈرمىشەم.

پادىشاھا تۆرت نىمەرسە دۇر سىنىڭ گەنجىڭدە يوق،
يوقلۇق، ئاجىز، گەدا، ھاجەت بەھەم كەلتۈرمىشەم.

ئەي خۇدايا رەھمەتىڭدىن نۆبەتى ئۈمىدۋار،
تەۋھىدىڭغە مەن گۇنەھكارى قەلەم كەلتۈرمىشەم.



85

يارىنىڭ گۈلباغىدىن بىر دەستە گۈل كەلتۈرمىشەم،
بادەئى خۇلقى مۇھەببەت كاسەمول كەلتۈرمىشەم.

ناگىھان جامى مۇھەببەت بادەسىدىن نۇش ئىتىپ،
كۆزلەرىمدىن قەترە-قەترە ئەشك مول كەلتۈرمىشەم.

جەزبە ئەيلەپ بادەئى ئىشقى مۇھەببەت كەيپىدە،
سەجدەئى شۈكرانەگە باشىمنى قۇل كەلتۈرمىشەم.

خانىمانىم يارىنىڭ كۆيىدە ئىسار ئەيلەسەم،
ئىلتىماسىم يارىدىن قىلغاي قوبۇل كەلتۈرمىشەم.

شۈكرى لىللاھ تۆبەتى، بولدۇق نەبىنىڭ ئۈممەتى،
بىل غەنىمەت پۇرسەتى، خەتم رەسۇل كەلتۈرمىشەم.

86

بۇئالەم قانىغا كىلىپ مەن گۆزەر ئەيتىم،
تۆت ياشىمدە ئىلىم ئىستەگىلى سەپەر ئەيتىم.

بۇ ئىلمي شەرىئەت يولىدە قالدىمۇ ھەيران،
بىر رەھبەرىي تاپماي ئۆزۈمگە، دەربەدەرئەيتىم.

تەۋفىق تاپىپ كەلدىمۇ ئۇستادە قاشىغە،
بىرنەچچە مەھەل تەھسىلى ئىلىم ئىختىيار ئەيتىم.

يۈزشۈكىر ئىلاھىمغە، ماگا قىلدىلەر ئىنئام،
ھەر زەررەئى ئىلىم تەھسىل ئىتىپ بەھرەۋەر ئەيتىم.

ھەرباره قەسەد ئەتسە ماگا لەشكەرى ئەئدام،
ئايەتۇ-ئەھادىسىنى ئۆزەمگە سۇپەرئەيتىم.

بۇئىلمي شەرىئەتنى ماگا بەرسەلەر تەئلىم،
گۇياكى ئانىمەن پىرتۇتۇپ پەدەر ئەيتىم.



بۇئىلمي شىرىف-دىن-مىللەت شەجەرىسىدۇر،
نەچچەند كەلىمە زۇبدەئى شىرىن سەمەر ئەيتىم.

ھەريەردىكى بىرئالىمى-خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەيتىم.

بىھۇدەكۆپ سۆزلەمەئى نۆبەتى ئاجىز،
شەرئى نەبىدىن ئۆزگەنىمەن مۇختەسەر ئەيتىم.

87

كېلەي دەپ ۋەدە ئەيلەپ، كەلمەدى ئول ۋەدە يالغانىم،
ۋەفاغا ۋەدەنى ئەيلەپ تۇرمادى سەرۋى خىرامانىم.

گىرىپتارى بولۇپمەن يارنىڭ ھىجران بەلاسىغا،
كۆيۈپ ئىشقى-فىراقى ئوتىدا ئۆرتەنۇر جانىم.

بىلەلمەسمەن ئىلاجىنى نىچۈك ئەيلەي، نىدۇر تەدبىر،
قاچان يەتكەي قۇلاقىغە مېنىڭ بۇ ئاھۇ-ئەفغانىم.

دەرىخا، كاشكى بىلسەم ئىدىم تۇرغان ماكانىڭنى،
سېنى مەن ئىزدىسەم قايدىن تاپۇرمەن شاھى خۇبانىم.

نەبولغاي رەھىم ئەيلەبمەن قولۇڭغە بىر نەزەر قىلساڭ،
مېنىڭدەك قۇل كېرەكمەسمۇ ساڭا ئېي ماھى تابانىم.


تۇرۇبمەن مۇنتەزىر ھەر كۈن يولىدا ياركەلگەي دەب،
بىناگاھ كەلسە ئىسار ئەيلەسەم جانىمنى مېھمانىم.

ھەبىبىڭ ھۆرمەتىدىن بەندەنى ئۆزەڭگە قىل ۋاسىل،
خۇداۋەندا ئۆلەر ۋەقتىدە ھەمراھ ئەيلە ئىمانىم.



ئەگەر ئاشىق ئېسەڭ مەئشۇق جافاسىغا تەھەممۇل قىل،
ھەزىن كۆڭلۈمنى مەئمۇر ئەيلەگەي شايەدكى يەزدانىم.

كەل ئەمدى نۆبەتى يارى مەجازىغە كۆڭۈل بەرمە،
دەرىخ، ئۆمرۈم ئۆتۈبدۇر يارفانىغە ئېسسىز جانىم.



88

ئىستەدىم، ئالەمدە سەندەك شەھسىۋارى تاپمادىم،
دەھرئارا بىر مۇشپىقى، بىر دەردى بارى تاپمادىم.

بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئېي نازەنىن،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدەك گۈل ئۇزارى تاپمادىم.

نە ئىلاج ئەيلەي مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا ۋابەستەدۇر،
چېھرەئى تابان يۈزۈڭدەك لالەزارى تاپمادىم.

رەھىم ئەيلەپ سائەتى ئۆزەڭگە ۋاسىل قىل مېنى،
دىلبەرىم كۈيۈڭدىن ئارتۇق دەردى يارى تاپمادىم.

كېچە-كۈندۈز نۆبەتى كۈيۈڭدە بولدۇم بىنەۋا،
بۇجاھاندا سەندىن ئۆزگە غەمگۇزارى تاپمادىم.



89

كۆزۈم ياشىنى تۆكۈپ سۇبھىدەم دۇئا قىلايىن،
نىيازۇ-نالە بىرلە تائەتى خۇدا قىلايىن.

خۇدايى رەھمەتى ئىلە پۇرسەتى نەسىب ئەتسە،
ھوزۇرى دىل بىلە زىكرى رەببەنا قىلايىن.

ئۆتەر ماھىلەر ئۆتۈپ، مۇھەررەم ئايىنى تۇغسە،
تاۋاب ئەتگەلى مەن ئەزىم پادىشاھ قىلايىن.

مەنۇ شىكەستە مەزارىغە ناگىھان يەتسەم،
سامائى دەۋر قىلىپ ماتەمى شۇھەدا قىلايىن.

كەمىنە بەندەگە بولسا ئەۋلىيا مەدەدى،
تامام ئىككى جاھان ھاجەتىن راۋا قىلايىن.

تەۋبە-زارى ھەمىشە سەھەرلەردە مەقبۇلدۇر،
نەسۇھ تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى باسەفا قىلايىن.

خاتا قەلەمدىن ئېرۇر، ياغۇكاتىپ ئىلكىمدىن،
ئۆزەمنى بىر نەچچە كۈن رەۋزە-نىيا قىلايىن.

پەيەمبەر ئۇممەتى سەن، تۇتغىل ئىمام ئۇچۇن ماتەم،
ئانىڭ يولىدە باشىم، نۆبەتى پىدا قىلايىن.

## 90

بەخىل بىر پۇل ئۈچۈن كەچكەي، ئەزىزجان بىرلە ئىماندىن،
بەخىللىنىڭ نە ئىشى باردۇر، دىيانەت بىرلە قۇرئاندىن.

سەخىلەر بولماسا ئىردى، بەخىلنى يەر يۇتار ئىردى،
سەخىلەرنىڭ تۇپەيلىدىن بەلالەر رەد بولۇر ئاندىن.

سەخىلەر ھەر كۈنى نېمەتلەردىن يەپ شۈكىر ئەيتۇرلەر،
يەمەي-ئىچمەي يىغار ئەخمەق، بەخىل دۇنيايى ناداندىن.

بېرىپدۇرلەر بۇ ئالەمدە بەخىلغە سىيىم-زەر بىسيار،
سەخىلەرغە بېرىپدۇرلەر ئاخىرەتدە ھۆر-غىلماندىن.

ساخاۋەت ئەيلەسە ھەر كۈن، خالايىقلەر ئوقۇر رەھمەت،
بېھىشت جاۋىدانىغە كىرەرلەر خەير-ئېھساندىن.

بەخىللەر كىرمەگەي جەننەت ئىچىگە بولسالەر ئابىد،
قىيامەتكۈن قۇتۇلماسلەر ئازابى گورېشە بېستاندىن.

قولۇڭدىن كەلگىنىچە نۆبەتى سەن خەير-ئېھسان قىل،
قۇتۇلغايسەن ئازابىدىن، ئۆمىدىم باركى رەھماندىن



## 92

خۇدايا رەھىم ئەيلەپ ئۈشبۇ كۈندە ياركەلگەيمۇ،
ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ ئۇشۇل دىلدار كەلگەيمۇ.

نەچە كۈندۇر سېنىڭ ئەھدىڭغە باغلاپ ئېتىقادىمنى،
ۋاپا ئەيلەپكى ئول ئەھدىغە كىم غەمخوار كەلگەيمۇ.

تۇتۇپ كۆز مۇنتەزىردۇرمەن جامالىڭ كۆرگەلى مۇشتاق،
نە بولغاي لۇتف ئەيلەپ كۆرگەلى دىدار كەلگەيمۇ.

كېچە-كۈندۈز پىراقىدە بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا،
مېنىڭ ھالىمنى پەرۋىش قىلغالى ئەييار كەلگەيمۇ.

بىناگاھ ئۈشبۇ كۈندە مۇژدەئى ئول مېھرىبان يەتسە،
ھەزىن كۆڭلۈمگە مېھمانخانەدۇر تەييار كەلگەيمۇ.

جاھانغە كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى-پەيكەر،
ئانىڭ ھۆسنى جامالىدەك گۈلى-گۈلزار كەلگەيمۇ.

مېنىڭ شورىدە ھالىمنى ئۇشول نامېھرىبان بىلسە،
كە مەندە نۆبەتىدەك مۇپتىلايى زار كەلگەيمۇ.

93

قاسىدى بەرگىنل خەبەر، ئۇل شەھسۋارىم كەلدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم شاد ئېتىپ ئۇل نەۋباھارىم كەلدىمۇ.

كەلسە يارىم ھەر زامان تەسكىن تاپار غەمكىن كۆڭۈل،
لۇتف ئېتىپ ھالىم سورارغە ھەمدىيارىم كەلدىمۇ.

كەلسە ناگاھ بولغۇسى گويا ماڭا فەسلى باھار،
ئاچىلىپ چولان لالە - ئەھمەر - گۈلئۇزارىم كەلدىمۇ.

فۇرقەتىدە ئۆرتەنىپ جىسمىم زەئىف بولدى نىتەي،
بولغۇسىدۇر دەردىمە دەرمان يارىم كەلدىمۇ.

ۋاسىل ئولسام بادەئى شىرىن لەبىدىن نۇش ئېتىپ،
كام دىل ھاسىل قىلغۇرغە روزىگارىم كەلدىمۇ.

كەيىپ قىلدىكىم مېنى ئىشقى - مۇھەببەت بادەسى،
تۇتمىش شىرىن زەبان، كۆزى خۇمارىم كەلدىمۇ.

سىدقى بىرلە جىستىجۇ قىلىل يارىمنى ئېي نۆۋبەتى،
قالمادى سەبر - تاقەتىمنۇل، دىلفىگارىم كەلدىمۇ.



98

ئالدى كۆڭلۈمنى مېنىڭ بىر دىلبەرى جانانەئى،
ئاي يۈزىنىڭ شەمئىغە بولدۇمكى مەن پەرۋانەئى.

بولدى بۇ جىسمىم زەئىف ئىشقى ئوتىنىڭ تابىغە،
دوستلار ئەيىپ ئەتمەگىز بولسامكى مەن دىۋانەئى.

پەرۋ بالىم چۇگۇلۇپدۇر، ھەجرىدە ئۆلسەم نىتاي،
كاشكى بولسا ماڭا ئول مەھۋەشى ھەمخانەئى.

ئەي يارەنلەر ئىشقى سەۋداسى توشۇبدۇر باشىمە،
ۋەسلىنىڭ مەھرۇمىدىن كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيرانەئى.

ئەي نىگارا بۇ ھەزىن كۆڭلۈم ئىمارەت ئەيلەگىل،
سەدقەئى قىلغىل جامالىڭ خىرمەنىدىن دانەئى.

ۋەھ نە خۇشتۇر كىمكى بولسا يارى بىرلە ھەمنىشىن،
جەننەت ئىچرە يارسىز ئولتۇرسا مېھنەتخانەئى.

يارنىڭ ۋەسلى - جامالىنى تىلەيدۇر نۆۋبەتى،
دوست سادىق تېپۇرمەن كىم ئىمەس بىگانەئى.

## 99

ئەجەب ئىبرەس كۆڭلۈم ئۇلاماققە مېھمان كەلسە ،
خۇدانىڭ رەھمەتىدىن بەندەسىگە ناگىھان كەلسە .

كى مېھمان ئالدىغە خۇشۋەقىت بولۇپ قويسا مۇھازىرنى ،
مۇھازىر يەپ ئىلاھا شۈكىر دەر شاھى جاھان كەلسە .

خۇدا ۋە ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالەر ھەم بولۇر خۇشنۇد ،
تائامىنىڭ قۇۋۋەتىدە بەندەگە زىكرى زەبان كەلسە .

بۇ مېھمان خاتىرى خۇشنۇد بولۇپ ناگاھ دۇئا قىلسا ،
بېرۇرمەن دەيپ خۇدا ۋەئدە قىلىبدۇر بىرگەلى ئۇن كەلسە .

يەنە ھەم باردۇر خاسىيەتى بىسيار مېھمانىنىڭ ،
خۇدايىم رەد قىلۇر ئاندىن بەلايى ناگىھان كەلسە .

مەلائىكلەر خۇدايىمدىن تىلەر ئانىڭ گۇنەھىنى ،
قىيامەت دەشتىدە باشىغە نۇرى سايەبان كەلسە .

ئۆيۈڭگە كەلسە مېھمان نۆبەتى ئانى ئىززەت تۇتىغىل ،
خۇدا رەھىم ئەيلەگەي مىزاندە ئەئمالىڭ گىران كەلسە .



## 100

چىقتى ناگاھ مەھۋەشى تۇرفە نىگارى ئۆزگەچە .
ئاچىلىپ چۇللالە ئەھمەر گۈلئۇزارى ئۆزگەچە .

ئىككى شەھلا كۆزلەرى كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدىسەيد ،
مۇفتەلا ئەيلەب مېنى يادى ـ فىگارى ئۆزگەچە .

ئاتتى مىژگان ئوقلەرى فەيۋەستە قاشى ياشۇرۇپ ،
تەگدى ناۋەك ئوقلەرى، قىلدى قەرارى ئۆزگەچە .

نە ئىلاج ئەيلەي يارانلەر دەردى ئۆلتۈردى مېنى ،
بارچە دەردى بىر سېرى، ئوق زەخمىكارى ئۆزگەچە .

ياسىتانىبدۇر ماھى تابان چېھرەسىن پىنھان ئېتىپ ،
ئەژدەھار يەگلىغ ئىكى زۇلفى نىگارى ئۆزگەچە .


مۇددەئى قويماس ئانىڭ ھۆسنىن تەمەششا قىلغالى ،
ئىككى سەب لەشكەر تۇرۇبدۇر سەد ھەزارى ئۆزگەچە .

مۇددەتىدۇر مۇنتەزىردۇرمەن جامالىغە ئەنىڭ ،
رەھمى ئەيلەر دەب قىلۇرمەن نالە ـ زارى ئۆزگەچە .

كەلمەكەي ئالەمگە ئازداغ تازەدىن مەككارەئى،
بى تەرەھھۇم زالىمى مەردۇد شىكارى ئۆزگەچە .

ا

كېچە ـ كۈندۈز يار جامالى شەۋقىدە بولدۇم خـاراپ ،
كاشكى بـۇ نۆبەتتىكە بولسا يارى ئۆزگەچە .





101

ناگىھان چىقتى ھەرەمدىن جىلۋە ئەيلەپ دىلبەرى،
شۇئلە تۈشتى جاھانغا شەمس دۇر يا مۇشتەرى .

يۈكەرۈپ باردىم يېنىغا، مەن ئاگاھ قىلدىم نەزەر ،
مەھى ئاتاباندەك كۆرۈندى ھۆر يەگلىغ دۇختەرى .

سەھكى ئەيدىم: تۆلگۈچە بەردەك بولاي ئى نازەنىن ،
رەھىم ئەيلەپ سەن ماڭا بولغىل يارۇ-ياۋەرى .

شىۋەئى، نازۇ- كەرەشمە بىرلە ئەيدى ئول مەنەم ،
«بولماغاي ھەرگىز مۇناسىپ ــ سەن بەشەرۇ مەن پەرى» .

ئەۋۋەلىدە كۆرمەگەي ئىردىم سېنى ئى ماھ رۇي،
سائەتى ھەمدەم بولالى ، ۋەھىم ئەيلەپ كەل بېرى .

خەندە ئەيلەپ ئېيتادۇر: دەفەرزەندى ئادەم بىۋەفا،
بىلمۇدە كۆپ ھۈلەمە، ئەمدى كۆزۈمدىن كەت نېرى .

جەھد ئەيلەپ رۆبەتى تائەت- ئىبادەت قىل مۇدام ،
تا ھەلا ھەمشەردە شاپائەت ئەيلەكەي پەيغەمبەرى .

## 102

كېزەرمەن ۋەسلىڭ ئىزدەپ دىلرەبا كۆرسەت جامالىڭنى ،
جىستىجۇ قىلدىم ھەمىشە تاپىمىغى دەپ ۋىسالىڭنى .

نەچە يىلدۇر سېنى دوستۇم دېبان ئەيلەدىم ئىخلاس ،
رەقىبلەر جەھەتىدىن مەن قىلماغىل ئۆزگە خىيالىڭنى .

تىلەيدۇرمەن خۇدايىم ئاسراغىل دەپ بادى خازاندىن ،
ۋاپا باغىدە ئۆسكەن خۇپ ئوشۇل نازۇك نىھالىڭنى .

رەقىبلەر تەئنىدىن مەردانە بولغىل ئاشىقى سادىق ،
غېرىبلەر كۆڭلىنى ئۇلاپ چالىپ تۇرغىل ساتارىڭنى .

كېچە-كۈندۈز سېنىڭ يادىڭ ھەزىن كۆڭلۈمدە نەقىش بولدى ،
نىچۈكدىن ئۇنۇتاي بۇلبۇل كەبى شېرىن زەبانىڭنى .

خۇدانىڭ قاشىدە ئىندەللا ئىش قىلسا ئىمەس زايە ،
سەھەرلەردە دۇئادە ياد قىلغىل بۇ غۇلامىڭنى .

تىلەيدۇر تۆبە ئىتكىم ئەۋلىيالەردىن مەدەد ئولغاي ،
ئەۋەل ئەگرىنىم بېرۇر ئاندىن پەيغەمبەرلەر مۇرادىڭنى .



## 103

ئەي كۆڭۈل، ئالەم كېزىپ بىر ئەھلى ھالى ئىستەلى ،
جىستىجۇ ئەيلەپكى بىر پىرۇ كامالى ئىستەلى .

گەر مۇيەسسەر بولسا ئانداغ يار قابىل ھەر زامان ،
پىرمۇرشىد ئەيلەبان سۆھبەت خىيالى ئىستەلى .

نالەئى - زارى بىلەن قىلغان گۇناھىم ياد ئېتىپ ،
ئول نەسۇھادەك ياتىپ ، تەۋبە قىلالى ئىستەلى .

ھەقتەئالا رەھىم ئەيلەپ تۇتسا بىزنى ئافىيەت ،
زۇھدۇ - تەقۋا ئەيلەبان قۇت ھالالى ئىستەلى .

نۇش ئەيلەپ بادەئى ئىشقى مۇھەببەت زەۋقىدە ،
تاكى مەھبۇب ...... ھەقنىڭ جامالى ئىستەلى .

نالە ئەيلەر بۇلبۇلى گۈل مەۋسۇمىدە ھەر باھار ،
بىزمۇ ھەم پەرھادى، مەجنۇندەك ۋىسالى ئىستەلى .

مۇستەئىد بولغىل خۇدانىڭ يولىغە ئېي تۆبەتى ،
بىزمۇ ھەم بىر كارى خەيرى زۇلجەلالى ئىستەلى .

بىناگاھ ئۇچرادى ئول دىلرەبا، تۇردى قاش ئاتتى ،
ھەزىن كۆڭلۈمنى غارەت ئەيلەدى سىرىنى پاش ئەتتى.

ھەرەمدىن چىقتى ئول دەم جىلۋە ئەيلەپ بىر مەھى تابان،
كەرەشمە بىرلە مەندەك بىنەۋالەرنى ئادا ئەتتى .

مۇسەلسەل زۇلفىنى دام ئەيلەبان چۈن دىلبەرى سەيياد،
جامالى خىرمەنى ئۈزرە قارا خالىنى ماش ئەتتى .

فىراقىدە ئەگەر قان يىغلاسام ئەيىب ئەتمەگىز ياران،
مۇسۇلمانلەر نەتەي بىچارە كۆڭلۈمنى تالاش ئەتتى .

جاھانغا كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكەر،
كېچە - كۈندۈز فىراقىدە كۆزۈمنى غەرق ياش ئەتتى.

ئەجەب مۇشكۇل ئىرۇركىم يارنىڭ كويىدا جان ئەتمەك ،
غەمىنى تۈگمە ئەيلەبان خاك- پايىنى فەراش ئەتتى.

نە ئارمان ھۆببەتىكىم يارنىڭ كويىدە جان بەرسە ،
فىدا ئەيلەپ ئۆزىنى يولىدا ئىمارباش ئەتتى .





ھەرەمدىن چىقتى بىر مەھۋەش كۆزەر گاھىدە جاقىلدى،
ھەزىن كۆڭلۈمنى غارەت ئەيلەدىيۇ مۇپتەلا قىلدى .

بۇ ئالەمدە ئانىڭدەك بولماغاي بىر دىلبەرى مەككار ،
قارا زۇلفىنى رۇخسارىدە دام ئەيلەب جۇلا قىلدى .

ئاتىپ مىژگان ئوقىنى قاش-ياسى بىرلە ئول مەھۋەش ،
جاراھەت دەردىگە قاش ياسىنى مەرھەم- داۋا قىلدى .

مۇھەببەت ئوقىغە بولدۇم نىشانە سىنەئى ئاشىق ،
كېلىپ سىنەم ئۈزە تەگدى كۆيۈك باغرىم يارا قىلدى.

ئانىڭ ھۆسنى - جامالىغە بولۇپسەن ۋالەئى - شەيدا ،
تۇشۇپ پەرتەۋ جامالى يار كۆڭلۈمدە جىلا قىلدى .

كۆيۈپ شامۇ - سەبا پۇرقەت ئوتىدا ئۆرتەنۇر جانىم،
تۇتۇلسىز خىرمەنى ئاتەش قۇرۇغ جىسمىمنى ياقىلدى .

دىمەگىلەر ئىبي يارانلەر ياردىن بۇ نۆبەتى داكەم ،
تاپىبدۇر خاك- پايىنى كۆزلەگە تۇتىيا قىلدى .

107

ئالما دەيدۇلەر، ئالۇرلەر ئالمەنى ،
قويىنغە يىلداپ سالۇرلەر ئالمەنى .

ئالمەغە مەيىل ئەتسەلەر كىم ناگىھان ،
شاخىدىن ئىگىپ ئالۇرلەر ئالمەنى .

ھېچ مىۋە ئالمەدەك مەرغۇب ئەمەس ،
زەۋقى بىرلە تىشلەشۇرلەر ئالمەنى .

نازەنىن رۇخسار يەڭلىغ رەڭ بەرەك ،
تاختاغە تىزىپ قويۇرلەر ئالمەنى .

تۇرفە خۇشبۇيلۇق ئولۇر ئۆي زىننىتى ،
پۇل بېرىپ ساتىپ ئالۇرلەر ئالمەنى .

كەلسە نەۋرۇز پەسلى ئەييامى باھار ،
چوڭلاغا تۆھپە تۇتۇرلەر ئالمەنى .

ئەھلى دەردلەر چۇلغاشىپ مەشرەپ قىلۇر ،
ئوترا خۇنچەدە قويۇرلەر ئالمەنى .



دوستلەرگە بولسا بىر يەردە بەھەم ،
يىدلاشىپ بىرگە پۇرارلەر ئالمەنى .

ئاشىقى بولسا ۋىسال مەئشۇقىغە ،
تۇتۇشۇپ تەئزىملەشۇرلەر ئالمەنى .

ئۆمرى ھەسرەت بىرلە ئۆتكەن نۆبەتى ،
باغ ـ چەمەندىن تاپۇرلەر ئالمەنى !



## 108

رەۋزەگە ماننەند خىيال ئەت خوتەننى ،
بېھىشتتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى .

ئەيا رەب ، بىتەمۇغ ، چەننەتىلەرگە ،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى .

خوجەستە خاكى رەھمەت سۈرمەسى ،
كۆزلۈكگە تۇتىيا ، خال ئەت خوتەننى .

پەردىلەر بۇ سەسى تۇر پەشىرىندۇر ،
ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى .

تەلئەتىگە خۇرشىد ، كۆزلەرگە ئەختەر ،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى .

چىقسا نەسىمى ، كىبلۇر شەمىمى ،
لەيلى بويىغە دال ئەت خوتەننى .

بەرسە قادىرىم بەختىمگە تەۋپىق ،
قۇربىمغە قۇدرەت- كامال ئەت خوتەننى .



گۈلۈستانى ئىرەم بولسۇن تەھەييۇر ،
ئۈنىڭغە نەۋرەس - نىھال ئەت خوتەننى .

قاندۇر بىھاجەت لالە يۈزىگە ،
قىزىللىق قىزا چۈن ئال ئەت خوتەننى .

مۇئەللىمى - ئافاق ، بىنىش- سۇخەنگۈي ،
تىفلىگە دەرس - ماقال ئەت خوتەننى .

ئېبى جاھان شائىرى گۈلشەنى باغى ،
خەمسەگە قۇرباش ئىمتىسال ئەت خوتەننى .

سەن ھەم نۆبەتى سىياھرۇي ئېلىمگە ،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى .



## مۇخەممەسلەر

1

گەزەلدىن بەندەگە بولدى قەدەر ئاھىستە ـ ئاھىستە ،
كۆڭۈلدە ئىشقى ئوتى قىلدى شەرەر ، ئاھىستە ـ ئاھىستە .
ئۇرۇپ پەرۋاز يەڭلىغ بالۇفەر ئاھىستە ـ ئاھىستە ،
بارۇرمەن يار قاشىغە تاڭ سەھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە ،
سىۋەرمەن لەبلەرىن شىرىن ـ شەكەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

فىراقىدە يۈرەرمەن ئاستانەغە قەدەم يەتسە ،
نەسىب ئەتگىل ئىلاھا يارنىڭ ۋەسلى بەھەم يەتسە ،
قىلىپ ئەيش ـ فەراغەت ئەندۇھى ـ مىھنەت غەم كەتسە
بىناگاھ مەن يېتىمگە بولسە بىر لۇتف ـ كەرەم يەتسە ،
ئانىڭ ھۆسنىغە كىم بولماس زەرەر ، ئاھىستە ـ ئاھىستە .

سالۇرلەر قۇرئەنى ھەر كۈن ، ماڭا ئول ياخشىپال ئولغاي ،
نەسىب ئەتگىل ئىلاھا بۇ ۋەفىقى ئەھلى ھال ئولغاي ،
جەمىئ بەندەگە دىدارى ئەجرى زۇلجەلال ئولغاي ،
ئانىڭ ھۆسنى زاكاتىدىن نىھالى بەر كامال ئولغاي ،
ئۇزار ئۆمرى ئانىڭ مىسلى شەجەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .



مۇرىدئەتكاي كىشى بىر پىرى كامىل ئىراپەتى بىرلە ،
كۆڭۈل رەڭگىنى روشەن ئەيلەگەيلەر سۆھبەتى بىرلە
يۈرۈركىم بىخەبەر ئەھلى شەقاۋەت غەپلەتى بىرلە ،
ئۆتەر بىر ـ بىر باسىپ شۇم بى ھايالەر ۋەھشىتى بىرلە ،
كۆرەلمەيكىم قالۇرلەر شەۋرىشەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

دەرىخا ، ئاھ كىم ، ئول يار باقماس بىۋەفالىقىدىن ،
ماڭا سەبرى ـ تەھەممۇل يوق ئېرۇر ئەمدى جۇدالىقىدىن ،
ھېنىڭ ئەرزىمگە يەتكىل ئېي نىگارا ئاشىنالىقىدىن ،
تىلەكىم ئول دۇرۇر مەھشەر كۈنى دىدار خالىقىدىن ،
كى رەھىم ئەتكەي ماڭاكىم ئۆمۈر ئۆتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

ئېچىپ مەن بادەئى ئىشقى مۇھەببەت قىلدى مەستانە ،
يۈرۈرمەن دەربەدەر ھەيران كويۇڭدە كەئبەئى خانە ،
تۆكەرمەن دىدەئى ئەشكى نەدامەت مىسلى دۇردانە ،
جامالىڭ شەمئىغە بىچارە ئېي ئاشىق بولدى پەرۋانە ،
كى مەئشۇقۇم يۈرۈر كىم بىخەبەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

خۇداغە بەندىلىك قىلغان كىشىكىم دوستسادىقدۇر ،
ئانىڭ قىلغان ئىشى كۆللى شەرىئەتكە مۇۋاپىقدۇر ،
ئىبادەتى ، ساخاۋەت ئەيلەسە دەرگاھغە لايىقدۇر ،
ھەمىشە مەقسەدى ۋەسلى جامالى يار ئاشىقدۇر ،
كەل ئەمدى نۆبەتى قىلغىل مەقەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

2

تاپمادىم ھەرگىز جاھاندا يارىنى ئەغيارسىز ،
دۇنيادا ھىچ بولماغاي كىم مەن كەبى غەمخۇارسىز .
غەمزە ئەيلەپ جان ئالۇرغەنە ئەجەپ تەييارسىز .
ئىيشەھى خۇبان ئالەمدە نەياخشى يارسىز ،
بولماغاي ھېچكىم مېنىڭدەك يارسىز-دىلدارسىز .

جانۇ دىل بىرلە تىلەيدۇرمەن سىنىڭ ۋەسلىڭنى مەن ،
كاشكى بىلگەي ئىدىم ئەۋۋەل سىنىڭ ئەسلىڭنى مەن ،
سىنەلەرنى رەخنە ئەيلەپ بىلمەدىم قەستىڭنى مەن ،
قايسى بىر ئەلپاز ئىلە ئەيتاي سىنىڭ ۋەسپىڭنى مەن ،
چۈن لەتاپەت باغىدا ھەر نە دېگەنچە بارسىز .

يارىنىڭ كۆيىدە ھەم ئەجەب ئەمەسدۇر بولسە قىزىل ،
ئىشتىياقىدا ھەمىشە كۆزلەرىمدىن ئاتتى مىل ،
گەر مۇيەسسەر بولسا ئىچسەم لەبلەرىدىن تازە مول .
قەددىڭىز سەرۋى خىرامان ئاي يۈزىڭىز تازە گۈل .
باغدە گۈل كۆپتۈر ۋەلى ئەمما ئەجەپ گۈلزارسىز .
(ئاخىرى يوقالغان)



3

مۇھەببەت بادەسىدىن كاسەئى ئول دىلرەبا يەتكۈر ،
كېچە - كۈندۈز سىنىڭ يادىڭدە بولدى مۇتتەكا يەتكۈر ،
سىنىڭ كۆيىڭدە ئىسپارئەيلەدى جانىم پىدا يەتكۈر .
مەنۇ دىلخەستەنىڭ ئەرزىنى ئېي فەيكى سەبا يەتكۈر ،
كى يۈز مېھرى - مۇھەببەت بىرلە ئەلبەتتە دۇئا يەتكۈر .

ئانىڭ ئىشقى - فىراقىدە فەلەككە يەتتى بۇ نالەم ،
جەمالىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنۇر ھالەم .
يۈرۈرمەن دەربەدەر ھەيران كويىدە زار ئەھۋالەم ،
جەمالىڭ شەمئىغەدۇر كىم قاراڭغۇ بۇيورۇق ئالەم ،
كۆزۈم ئاستانەسىغە تۇپراغىنى تۇتىيا يەتكۈر .

ئانىڭ ھالى نېچۈكدۇر دەپ كى مەن ۋابەستەنى سورسە .
غېرىبى ھالىغە رەھىم ئەيلەبان شىكەستەنى سورسە ،
ئىنايەت ئەيلەبان ياكى مەنۇ دىلخەستەنى سورسە ،
كۆڭلىنىڭ قۇۋۋەتى جانىم ھۇزۇرى دىلبەستەنى سورسە ،
مەنۇ بىچارە ھالىنى ئوشۇل جاناناغا يەتكۈر .

فىراقىدە مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم ۋەھمەناك ئولدى ،
غېرىبلەرنى كۆرەلمەي شۇم رەقىبلەر خەشمەناك ئولدى ،
كېچە - كۈندۈز غەمىدە نەۋبەتى چۈن دەرد ناك ئولدى ،
جۇدالىق دەردىدىن كۆڭلى ۋەفاھىنىڭ ھالاك ئولدى ،
ئانىڭكىم ئەنبەرى فەژمۇردەسىن بىرداۋا يەتكۈر .

## رۇبائىيلار

1

مەككە زاھىد ئىمەس تىزىشىمدە ئەسلى كۆزمەگەچ ،
ئىشقىسىز دۇرمەن ھەمىشە ئاڭا ئەسلى كۆيمەگەچ .
ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلىگاھىم دۇر خىرتەن ،
ئۆزگە سىگە بىنەزەرمەن، مەن خىرتەندەك كۆيمەگەچ .

2

دەرىخدۇر ئولمادى رام ساڭا ئاھۇيى خوتەن ،
دىماغىڭ يەتكۈرمەدى گەرد سەھەر ھاۋايى خوتەن.
نىتەي سۇسانىڭنىڭ دەفىنە ئولماسا سىنىڭچۈن ،
مەنە ئەتكەچ شاھا، قاندۇر ماغاچ سۇيى خوتەن .

3

زاھىدا زىنھار مىنى تەركى خوتەن ئەتگىل دىمە ،
سەن خوتەندىن كەچكىلۇ، تەركى ۋەتەن ئەتگىل دىمە.
جايى باغرىمدىن كىچىب دەشت ئارا قانداق چىداي ،
نەۋ باھاردىن كەچكۈرۈپ تەركى چەمەن ئەتگىل دىمە.

4

مۇساھىبىم قىلساڭ پايام ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،
دىلبەرىم خۇرشىد يۈزۈم، ئول سىيىم تەندىن باشلاغىل.
باشقا گەپكە ئاچمە لەب، يوقدۇر بۇنىڭچە خاسىيەت ،
دىلىم ئارا تاپا خۇرۇم، ئول جانۇ- تەندىن باشلاغىل.



5

خۇش دەۋلەت ئىرۇر يار بىلەن سۆھبەت قىلسە،
بىر يەردە بەھەم بولۇپ مۇھەببەت قىلسە .
شىرىن لەبلەر بادە سىدىن نۇش ئىچىپ ،
مەستانە بولۇپ ئەيش- فەراغەت قىلسە .

6

لۇتفۇڭ بىلە ئاسىيالەرغە رەھىم ئەيلە خۇدا ،
دىن دۇشمەنىنىڭ قەدىمىدىن ئەيلە جۇدا .
بۇ تەندە ئەگەر بىر زەررە جانىم بولسە ،
قۇربان قىلايىن يارىنى يولۇڭدە پىدا .

7

شولكۈنكى يارىم جامالىدىن ئالسا نىقاب ،
خۇش دەۋلەت ئىرۇر ئارادە بولماسا ھىجاب .
ئاشىق تىلەگى جامال، زاھىد تىلەگى بىھىشت ،
دىدار كۆرەركىم بەريا قىلسە سازاب .

8

دائىما تۇردۇم يولىدە تەلمۈرۈب ،
كەلسە سۈمبۈل ساچىنى تولقۇز ئۆرۈب .
ئول يار جامالىغە بولۇب مەن مۇشتاق ،
جانىنى بەرسەم ئاي جامالىنى كۆرۈب .

## 9

ئى ھەييۇ قادىرى قۇدرەتىڭدىن بەركات ،
زىچانغە رىزق بەرگۈچى سەندىن بەركات .
ھەركىمنى ئەزىز ئەتسە ئەجەب قۇددرەتلىغ ،
ئەيسا فەلەك ئۈزرە چىقتى قارۇن دەركات .

## 10

ئۇچماغ ئىلىگە تائەت ـ ئىمان باعىس ،
دەۋزەخ ئىلىگە كۇفر ئىلە ئىسيان باعىس .
دەۋزەخدىن ئامان بولاي دىسە مۆئمىن ،
قىلسۇ تائەت، خەير بىرلە ئىھسان باعىس .

## 11

ئى ياخشى سىفاتىڭ قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد ،
رەھىم ئەيلە ماڭا بىھەق ئاللاھۇس سەمەد .
تائەتنى قويۇپ قىلدىم گۇناھى بىھەد ،
قادىرسەن، بەندەڭ نە ئىمكان، نە ھەد .

## 12

ئاسماندا، يەردە خۇدا سەن ھازىر،
ياخشى ـيامان كىردىگارىم سەن نازىر .
ھەر تەۋرى جازا بەرسەڭ قۇدرەت سەندە ،
تائەتى كەم، گۇناھى پۇر، بەندەڭ قاسىر .



## 13

ھەق يادى بىلە بولسا كىشى ئۆمرى داراز،
تائەت بىلە يۈرسە كىشى مىلك ياشى ئاز،
غافىل بولسا گەر كىشى بىر نەپەسمۇ تولا،
ئاشىق بولسە دوست ھەققىغە مۇمتاز.

## 14

مەھبۇب يۈزىن كۆرگەلى قىلدىمكى ھەۋەس،
شامۇسەبا كۈيىدە بولدۇم بىر خەس.
دەردى فىراقىدە مىنى ئۇچۇردى شامال،
بۇ ئېزىز ئۆمۈر ئۆتتى ئاز قالدى نەپەس .

## 15

ئەرزىمنى ئېيتاي دەمى تۇتقىل گۇش،
ھىجرىڭ غەمىدە ياشىمنى مەن قىلدىم نۇش.
رەھىم ئەيلە ماڭا ئېي شاھ كىشىۋەرى ھۆسن.
مۇشتاق جامالىڭغە كى بولدۇم مەدھۇش.

## 16

يارىم قاشىدە قىلاي ئەھۋالىم ئەرز،
ھالىم يېتىب سورماقنى قىلدىم ئەرز.
كى مۇندە ئەگەر سورماسا ئەھۋالىم— ئەرز،
مەھشەر كۈنىدە خۇدايىمغە قىلغۇم ئەرز.

**17**

گۈل زەۋقىدە بۇلبۇللار چەرخ سەمائ،
ئاشىقلار قىلۇر ئىشىق ئوتىدە چەرخ سەما.
ئاشىق بولسا دار ئۈزرە مەنسۇر يەڭلىغ،
ھەق يادى بىلە ھەر كۈنى ئەيلەرگە سەما.

**18**

ئاشىق كىشىگە جامال جانانە كېرەك،
زاھىدلارغە باغ- بوستانە كېرەك.
باغ بىرلە ماڭا ئېي زاھىد بەرمە فەرب،
باغى ساڭا بولسا، ماڭا باغبانە كېرەك.

**19**

كەلدىم فەناھىڭغە تىلەب ئەززە ۋەجەل،
مۈشكۈلنى خۇدايا كەرەمىڭ ئىلە ئەيلە ھەل.
فەزل كەرەمىڭ بىرلە نەسىب ئەت ئىمان،
كىردار مېنى تۇتتى ياقام دەست ئەجەل.

**20**

مەن بەندەئى ئاسىي — پەرىشاندۇرمەن،
يارەب غەزەبىڭ غەمىدە ھەيراندۇرمەن.
نىچە كەرەمىڭ قەترەسىدىن نۇش ئېتىب،
رەھىم ئەيلە ماڭا تەشنەئى بەرياندۇرمەن.



**21**

جانانە ئۈچۈن بىرەيكى مالىمنى گەرەۋ،
گەر قىلسە قوبۇل خانۇ- مانىمنى گەرەۋ.
دىدار ئەگەر بىزگە مۇيەسسەر بولسا،
يولىدە بىرەي ئېزىز جانىمنى گەرەۋ.

**22**

شولكۈنكى سېنى كۆردۈم، بولدۇم بەندە،
نە سەبىر — قارار يوق، نە ئارام مەندە.
بىر يەردە بەھەم بولۇپ قىلالى سۆھبەت،
سەن مۇندە كېلەمسەن، مەن بارايمۇ ئاندە.

**23**

يارنىڭ كۆڭلىدە زەررە ۋەفا بولغايمۇ،
ئاشىق دىلخەستەغە ھاجەت راۋا بولغايمۇ.
نالەلەر قىلسام بارىب ۋەھكى نېتەڭ،
ئىشىق دەردىغە بۇ ئالەم داۋا بولغايمۇ.

**24**

ئېي بەندەئى ۋۇجۇدۇڭ قەترە مەنى،
ئالەمدە سەن قىلماغىل كىبرى — مەنى.
ئايەتۇ- ھەدىس ئول رەسۇلۇللانى،
مەن ئەكرەمە ئالىمەن فەقەد ئەكرەمەنى.

25

يار بىرلە ئولتۇرسا، كۆڭۈل تاپسا پەرەھ،

ئۆتكۈز ئەتىسە مۇھەببەت جامىدىن ئىچسە قەدەھ.

لەيلى لەبىدىن كامى دىل ھاسىل قىلىپ،

مەجرۇھ كۆڭۈل شاد ئولۇپ تاپسا ئەسەھ.

26

ئەي يارانلەر بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كەلام،

كىمسىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە— ياخشى نام.

مىڭ يۈز ئاتمىش دە ئەردىكىم پەيغەمبەر ھىجرەتى،

بۇ كىتابى نۆبەتى تەسنىپ بولدى ۋەسسالام.